# 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2008-يىل 6-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە مەملىكەت بويىچە 28ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، سالار قاتارلىق بەش مىللەتتىن تەركىب تاپقان 59نەپەر(52نەپەر ئەر، يەتتە نەپەر ئايال) ۋەز-تەبلىغچى قاتناشتى.

قۇرئان تىلاۋەت بىلەن باشلانغان مۇسابىقىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىس-تالىپلىرى، مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى ۋەز-تەبلىغچىلەر، تەكلىپ بىلەن مۇسابىقىنى كۆرۈشكە كەلگەن ۋەكىللەر قاتناشتى. مۇراسىمدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرەم باشلىنىش نۇتقى سۆزلىدى.

مۇسابىقە خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى ۋە ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى يەنە ئەرلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاياللار گۇرۇپپىسى دەپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندى. بەش كۈن ئېلىپ بېرىلغان جىددىي مۇسابىقە ئارقىلىق، ئاتاقلىق ئۆلىمالار، ئاخۇنلار ۋە تەتقىقاتچى خادىملاردىن تەشكىللەنگەن باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بىلەن، خەنزۇ تىلى ئەرلەر گۇرۇپپىسىدىن خې چۇنگۇاڭ(خېبېيدىن) بىرىنچىلىككە؛ دۇ يوگبو (جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى)، ياڭ چېڭ(شەندۇڭدىن)، ما چاڭداۋ(خېنەندىن)، جاۋ يۈشى(خېيلۇڭجياڭدىن) ئىككىنچىلىككە؛ جى سۇنجي(گەنسۇدىن)، ما داشېڭ(خۇنەندىن)، بەي يى(بېيجىڭدىن)، باۋ جيالىيۇ(يۈننەندىن)، ما يۇڭگو(نىڭشيادىن) ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىدىن ئەبەيدۇللا مۇھەممەد(قەشقەردىن) بىرىنچىلىككە؛ ئابابەكرى رەھمەتۇل(تۇرپاندىن)، خېلىل ھۈسەن (ئاتۇشدىن، قىرغىز) ئىككىنچىلىككە؛ ئابدۇمىلىك ئابدۇمجىت(خوتەندىن)، ئابلەت داموللا(بۇگۇردىن)، مەمەت راخمان(قۇمۇلدىن) ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن يىن شيۇجۈەن(نىڭشيادىن)بىرىنچىلىككە؛ ما مېيپىڭ(يۈننەندىن)ئىككىنچىلىككە؛ ما شاۋپىڭ(چۇڭچىڭدىن)ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشقان ۋەز-تەبلىغچىلەر زور تەييارلىقلار بىلەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىف ۋە باشقا دىنىي كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، شەرىئەت ئەھكاملىرى، ئىسلام پرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلىپ سۆزلەپلا قالماستىن، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى يەنىمۇ قېزىپ، مۇسۇلمانلارنى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، شەرەپ-نومۇس قارىشى تىكلەش ۋە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، يېڭى مەزمۇن ۋە دەۋر روھىغا باي ۋەز-تەبلىغلەرنى ئېيتىپ، مەملىكىتىمىز ياش دىنىي خادىملىرىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى نورمال ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، ئىمام-خاتىپلارنىڭ ۋەز سۆزلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى، يېڭى ۋەز يېزىش ۋە يېڭى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش ئاكتىپلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

6-ئاينىڭ 20-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاگيۇ رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمغا مۇسابىقە قاتناشچىلىرىدىن باشقا، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى ما جىن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ باشقارما باشلىقى چۇ يۇچى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مۇھەممەد ئەلى يۇ جېنگۇي، سىددىق ما جۇڭجې، ئىبراھىم خۇڭ چاگيۇ، ئادىل ھاجى كېرەم؛ مەسلىھەتچىلەردىن ئابدۇرەھىم ئىمىن، ئەلى ليۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، خالىد ياڭ زۇڭشەن؛ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن بارات رەجەپ، ئىبراھىم ۋاڭ گولياڭ، ئىمادىدىن ۋېن جيەن قاتارلىق رەھبەرلەر، بېيجىڭدىكى بىر قىسىم دائىمىي ھەيئەت ۋە ھەيئەت ئەزالىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى ۋە بارلىق مۇدەررىس-تالىپلىرى، بىر قىسىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، بېيجىڭدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئامما ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى بولۇپ 200دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا ۋەز-تەبلىغچىلەر ئۈرنەك كۆرسىتىپ ۋەز-تەبلىغ قىلدى. ئاخىرىدا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى نامىدىن بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ئەلى يۇ جېنگۇي يېپىلىش نۇتقى سۆزلەپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىمام-خاتىپلارنىڭ ۋەز-تەبلىغ سۆزلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ياخشى سۆزلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇراسىمنىڭ ئاخىرىدا رەھبەرلەر نەتىجىگە ئېرىشكەن ۋەز-تەبلىغچىلەرگە لەۋھە، تەقدىرنامە ۋە مۇكاپات سوممىسى تارقىتىپ بەردى. مۇراسىم ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن شىنجاڭلىق ئەبەيدۇللا مۇھەممەدنىڭ دۇئا تىلاۋىتى بىلەن ئاخىرلاشتى.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

المسلم الصيني

## ئالاھىدە خەۋەرلەر

7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى..............................(1)
بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن قوللاش تەشەببۇسنامىسى..........................................(4)

## قۇرئان كەرىم تەتقىقاتى

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇبارەك ناملىرى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا......................... ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (7)

## قۇرئان كەرىم تەپسىرى

سۈرە «فاتىھە» نىڭ قىسقىچە تەپسىرى ......................
.....................................شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد (14)

## ھەدىس شەرىف تەھلىلى

"ئىسلام دىنى بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان" دېگەن ھەدىس ۋە ئۇنىڭ شەرھى.........................ياقۇپجان ئەزىز (21)

## شەرىئەت ئەھكاملىرى

ناماز ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار.........................................
.................... ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا (26)
ئىسلامدىكى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش توغرىسىدا ..................مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر(39)


جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
中国穆斯林
(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)
(ئومۇمىي 88 ـ سان 总第88期)

پەخرىي باش مۇھەررىر: شەمسىدىن ھاجى
باش مۇھەررىر: ئادىل ھاجى كېرەم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھاجى بارات رەجەپ
تېخنىك تەھرىر، مەسئۇل كوررېكتور:
ئىلياس ئىسلامبەك
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: شەمسىنۇر ھوشۇر

**名誉主编**: 夏米西丁 · 哈吉
**主编**: 阿地里江 · 阿吉克力木
**副 主 编**: 巴拉提 · 热吉甫
**技术编辑**: 伊力亚斯 · 斯兰别克
**封面设计**: 夏美希努尔 · 吾守尔

刊号 خەلقئارالىق نومۇرى : ISSN1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى : CN11—1346/B
邮发代号 : 58—167 : پوچتا ۋاكالەت نومۇرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1720
国外代号: Q1720
E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

China Muslim




2008

3

باشقۇرغۇچى : جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى :

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى : مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى :

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس : بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100053

تېلېفون نومۇرى: (010) 59313090, 59313021

شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى :

ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 280-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830002 ئالاقىلاشقۇچى : ئالىمجان

تېلېفون نومۇرى: (0991) 5508069

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (بېيجىڭ 399-خەتساندۇقى)

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维编部
地址：北京市宣武区南横西街 103 号
邮编：100053
电话：(010) 59313090, 59313021
新疆发行站:乌鲁木齐市黑龙江路 280 号
邮编:830002电话：(0991) 5508069
联系人：阿里木江
国外发行：中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)


# مۇندەرىجە

## ۋەز-تەبلىغ


پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگىنىپ، پىلانلىق، تەشكىللىك ھەج قىلىش يولىغا ماڭايلى!.................. (43)

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفكە ئەمەل قىلىپ، ھەج ئىقتىدارىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەرتى كامىل ھەج قىلغۇچىلاردىن بولايلى! ................................(47)


## ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز


سەلەي داموللا ھاجىم ...............مۇھەممەتجان قۇتلۇق (52)


## ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتلىرى


ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى— قەرەۋىيىن ئۇنىۋېرسىتېتى ......... ئادىل ھاجى كېرەم (53)...................................


## ئىسلام بىلىم گۈلزارى


دىنىي بىلىملەرگە ئائىت كىتابلار ۋە ئۇلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى ......................................... مېھرىگۈل ئابلىز (56)

ئىسلام لۇغىتى..............................................(60)

خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر، ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى، ئىسلام مائارىپى، تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار ...............................(62 ـ 63)


## مەخسۇس بەت


ھىجرىيە 1429 ـ يىللىق رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى.......................................... (64)


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە:مالايسىيادىكى سۇلتان سالاھىددىن ئابدۇل ئەزىز مەسچىتى


بۇ سان 2008 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن قوللاش تەشەببۇسنامىسى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە. بۇ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆزگىچە، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۆتكۈزۈش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەسىر مابەينىدىكى تەشناسى، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ئىنتىلىش كۈچىنىڭ جانلىق نامايەندىسى، شۇنداقلا جۇڭگودىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتنىڭ دۇنياغا بەرگەن دەبدەبىلىك ۋەدىسى.

زامانىمىزدىكى ئولىمپىك "ئۆزئارا چۈشىنىش، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ئادىللىق"نى كۆزلەيدۇ. بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئوتتۇرىغا قويغان "ئورتاق بىر دۇنيا، ئورتاق بىر غايە" دېگەن شوئار ئادەملەر ئىناق بولغان، دۆلەتلەر تىنچ بولغان، ئادەم بىلەن تەبىئەت كۈچلۈك ماسلاشقان دۇنيا بەرپا قىلىشتەك كۈچلۈك سادانى ياڭراتتى.

ئەمما، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىۋاتقان پەيتتە، "شىزاڭ مۇستەقىللىقى" كۈچلىرى ئېغىر دەرىجىدىكى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈشتەك زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، "شەرقىي تۈركىستان" تېررورچىلىرى زوراۋانلىق، تېررورلۇق قىلىشنى پىلانلىدى. چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئولىمپىك مەشئىلىنىڭ يەتكۈزۈلۈشىگە توسالغۇ پەيدا قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قەستىدە بولۇپ، بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قەستىدە بولدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئېلىمىز ھۆكۈمىتى قوللانغان كەسكىن تەدبىرنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەر

ئالاھىدە خەۋەر

مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىشنى ئۆزىدىن، كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ، تىرىشىپ دۆلەت ئۈچۈن شەرەپ قوچۇپ، دۆلەتنىڭ غېمىنى يەپ، بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىنى قوللاشقا چاقىرىدۇ. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مۇنۇلارنى تەشەببۇس قىلىدۇ:

1. ئولىمپىك روھىنى زور كۈچ بىلەن نامايان قىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە تىنچلىق، دوستانىلىك ۋە يۈكسىلىش ئۈچۈن ئىزدىنەيلى!

قۇرئان كەرىم بىزگە مۇنداق تەلىم بېرىدۇ:

**ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا (يەنى تىنچلىق دىنىغا) پۈتۈنلەي كىرىڭلار.**

——سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 208 ـ ئايەت

ئىسلام دىنىمىز مىللەتلەرنىڭ تىنچ، باراۋەر، ئىتتىپاق، دوستانە بولغان ئىنسانىيەت چوڭ ئائىلىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. زامانىمىزدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئىسلام دىنىمىزنىڭ روھى بىلەن بىردەك بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا تىنچلىق، دوستانىلىك، باراۋەرلىك، مەدەنىيلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى يۈكسەلدۈرىدۇ.

بىز جۇڭگولۇق مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، خوجايىنلىق سالاپىتىمىز ئارقىلىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ۋە مەدەت بېرىشىمىز، ياخشى ئىشلارنى، ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىمىز، ئىشنى يېنىمىزدىكى كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىقى ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىگە پائال قاتنىشىشىمىز، ئىناق، ئىتتىپاق بولغان جەمئىيەت كەيپىياتىنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىتتىپاق، دوستانە، ئىناق، تىنچ بولغان، ئۆز ـ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان، جاسارەت بىلەن پائال ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن كەلگۈسىگە قەدەم تاشلايدىغان روھىي قىياپىتىمىز ۋە ھاياتىي كۈچىمىزنى، شۇنداقلا دۇنيا خەلقى بىلەن بىرلىكتە تىنچلىققا، دوستانىلىققا ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان كۈچلۈك ئارزۇيىمىزنى نامايان قىلىشىمىز لازىم.

2. تىرىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ، بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست ۋە قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى.

ھەرقانداق كىشى ۋە ھەرقانداق كۈچنىڭ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشى كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمايدۇ. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: "**كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە جانلىرىغا ئەمىنلىك ئېلىپ كەلگەن ئادەم ھەقىقىي مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ**". بىز ئىسلام دىنىمىزنىڭ تىنچلىققا، ئىتتىپاقلىققا ۋە ھەمكارلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى ئاكتىپلىق بىلەن قىلىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان بارلىق قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى "ئۈچ خىل كۈچ"تىن، ئىسلام بايرىقىنى كۆتىرىۋېلىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى بۇرمىلاپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان قىلمىشلاردىن يۈكسەك ھوشيار تۇرۇشىمىز لازىم. بىز ئىسلام دىنىمىزنىڭ كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىش قىلىشتىن توسۇش تەلىپىگە ئەمەل قىلىشىمىز، قولىمىز، ئېغىزىمىز ۋە قەلبىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق بىر بايراقنى كۆتىرىۋېلىپ، ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب

www.uyghurkitap.com


بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، بۇزۇق كىشىلەرگە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق پۇرسەتنى قالدۇرماسلىقىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيىسىنى پۇختا قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

**3. پىلانلىق، تەشكىللىك ھەج قىلىش يولىدا مېڭىپ، تارقاق ھەج قىلىشنى قەتئىي توسايلى!**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى يىلى مۇسۇلمانلار جامائىتىنى باشلاپ، پىلانلىق، تەشكىللىك ھەج قىلغان ھەمدە ۋىدالىشىش ھەججى نۇتقىدا ئىنسانىيەت باراۋەرلىكى ۋە تىنچلىقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پىلانلىق، تەشكىللىك ھەج قىلىش دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئورتاق ئۇسۇلىغا ئايلاندى، بۇ يەنە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت ۋە قانۇنىدىمۇ بەلگىلەندى.

تارقاق ھەج قىلىش ئېلىمىز ھۆكۈمىتى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ بولۇپ، ھەج پائالىيىتىنىڭ تەرتىپىنى بۇزىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىگە دەخلى تەرۇز يەتكۈزىدۇ. 2006-يىلى ئېلىمىزدىن تارقاق ھەجگە ماڭغان نۇرغۇن كىشىلەر پاكىستاندا تۇرۇپ قېلىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ ياخشى ئوبرازىنى زىيانغا ئۇچراتتى. بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى قۇرئان كەرىم تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىپ، پىلانلىق، تەشكىللىك ھەج قىلىش يولىدا مېڭىشىمىز، تارقاق ھەج قىلىشنى قەتئىي توسۇپ، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار چەت ئەلدە تۇرۇپ قېلىش ئەھۋالىنىڭ قايتا سادىر بولۇشىدىن قەتئىي ساقلىنىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياخشى ساپاسىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن نامايان قىلىشىمىز، دۆلەتنىڭ ياخشى ئوبرازىنى قوغدىشىمىز لازىم.

**2008**-يىلى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان كۈتۈپ كەلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى يىلىدۇر. بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، چوڭقۇر ئىپتىخارلىق ئىچىدە بۇ ئىشنى تېخىمۇ قەدىرلىشىمىز، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىمىزنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇرۇپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا ئىشتىراك قىلىشىمىز، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشىمىز، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى چىن دىلىمىزدىن ھىمايە قىلىشىمىز لازىم. بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ جۇڭگوغا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى ئاتا قىلىپ بەرگەنلىكىگە ھەمدۇ ئېيتىشىمىز، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى پائال ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن نامايان قىلىشىمىز، بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى جۇڭگو بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ دوستانە ئۆتۈشىدىكى ۋاستىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالادىن بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا مەدەت تىلەيمىز.

ئامىن!

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
**2008**-يىل **5**-ئاي

(تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى)



# قۇرئان كەرىمنىڭ مۇبارەك ناملىرى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا



نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** مەرھۇم ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد 1964-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى قەشقەر شەھىرىدىكى غەزنىچى بەگ مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1983-يىلىدىن 1988-يىلىغىچە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1988-يىلىدىن 2008-يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىدە ئىشلەپ، جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 2004-يىلى جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى تەركىبىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلغان. 2008-يىلى 4-ئاينىڭ 28-كۈنى يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بىلەن خىزمەت ئۈستىدە قەشقەردە ۋاپات بولغان. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپلەپ خىزمەتلەرنى قىلغان بولۇپ، ژۇرنىلىمىزغا يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرىدىن 100پارچىگە يېقىن خەۋەر يازغان. ”ئىسلام دىنىدىكى قوشنىدارچىلىق“(2002-يىللىق 3-سان)، ”ئاللاھنى بىر دەپ تونۇش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى“(2007-يىللىق 2-سان) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش خىزمىتىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشۇپ، جەمئىيىتىمىز تەرىپىدىن ئۈدا ئىككى قېتىم ”مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس“ دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن. مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتە بولغاي.

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

قۇرئان كەرىم ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى، شەرىئەتنىڭ تۈپ ئاساسى، دىنىمىزدىكى ئىماننىڭ كونكرېت پروگراممىسى، ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن مۇبارەك ئىسىملىرى بار، بۇ مۇبارەك ئىسىملارنىڭ كۆپ قىسمى قۇرئان كەرىمدە قەيت قىلىنغان.

ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ ئاتالغان ۋە ئەڭ ئومۇملاشقان نامى يەنىلا قۇرئاندۇر، تولۇقسىز ستاتىستىكا قىلىنىشىچە بۇ نام تەخمىنەن **37** سۈرىدە **68** قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى تارىخي ماتېرىياللىرىدا ھەمدە مىسىرلىق مەشھۇر مۇپەسسىر جالالىدىن سۇيۇتىنىڭ «قۇرئانشۇناسلىق ھەققىدە بايان» دېگەن ئەسىرىدە قۇرئان كەرىمنىڭ

قۇرئان كەرىم تەتقىقاتى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

55 خىل مۇبارەك نامى تىلغا ئېلىنغان، بۇ ناملار كۆپ خىل بولۇپ، كىشىنى بۇ جەھەتتە ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىشكە يېتەكلەيدۇ. تۆۋەندە بۇ 55 مۇبارەك ئىسىم ۋە بۇ ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى قىسقىچە شەرھلەيمىز.

**1**. ئەلكىتاب(الكتاب)ــ"كىتاب" دېگەن مەنىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئىستىلاھىي مەنىسى "ئاللاھنىڭ كالامى ــ قۇرئان كەرىم" دېگەن مەنىدە. چۈنكى قۇرئان كەرىم ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ھا، مىم، روشەن كىتاب بىلەن قەسەمكى، سىلەرنى (ئۇنىڭ مەنىسىنى) چۈشەنسۇن دەپ، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق.**

ــ سۈرە «زۇخرۇف»(**43** ــ سۈرە)، **1** ــ ئايەت

**2**. ئەلمۇبىن(المبين)ــ"روشەن، چۈشىنىشلىك" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. چۈنكى قۇرئان كەرىم ھەق بىلەن ناھەقنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ھا، مىم، روشەن كىتاب بىلەن قەسەمكى، سىلەرنى (ئۇنىڭ مەنىسىنى) چۈشەنسۇن دەپ، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق.**

ــ سۈرە «زۇخرۇف»(**43** ــ سۈرە)، **1** ــ ئايەت

**3**. ئەلقۇرئان(القرآن)ــ بىز دائىم ئاتاپ كېلىۋاتقان قۇرئان كەرىم، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنىڭ مەخسۇس ئاتىلىشىدۇر. قۇرئان دېگەن بۇ ئىسىم قۇرئاندا **68** ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر.**

ــ سۈرە «بەقەرە»(**2** ــ سۈرە)، **185** ــ ئايەت

**4**. ئەلكەرىم(الكريم)ــ"شەپقەتلىك، مېھرىبان، ئۇلۇغ" دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر.**

ــ سۈرە «ۋاقىئە»(**56** ــ سۈرە)، **77** ــ ئايەت

**5**. ئەلكەلام(الكلام)ــ"تەسىر" دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستىلاھىي مەنىسى "سۆز، كالام، كەلىمە"دۇر. چۈنكى قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. قۇرئاننى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبى ئۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى(يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن.**

ــ سۈرە «تەۋبە»(**9** ــ سۈرە)، **6** ــ ئايەت

**6**. نۇر(النور)ــ"نۇر، يورۇقلۇق" دېگەن مەنىگە ئىگە. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئارقىلىق ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلىدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ قەلبىنى يورۇتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ئوچۇق دەلىل كەلدى، سىلەرگە روشەن نۇرنى(يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.**

ــ سۈرە «نىسا»(**4** ــ سۈرە)، **174** ــ ئايەت

**7**. ئەلھۇدا(الهدى)ــ"يېتەكلەش، ھىدايەت" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە، چۈنكى قۇرئان كەرىم كىشىلەرنى ھەقىقەتكە باشلايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەردكە(يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۆئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان(قۇرئان) كەلدى.**

ــ سۈرە «يۇنۇس»(**10** ــ سۈرە)، **57** ــ ئايەت

**8**. رەھمە(الرحمة)ــ"شەپقەتلىك، رەھىملىك" دېگەن مەنىگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەردكە(يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۆئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان(قۇرئان) كەلدى.**

ــ سۈرە «يۇنۇس»(**10** ــ سۈرە)، **57** ــ ئايەت

**9**. ئەلفۇرقان(الفرقان)ــ"پەرق، ئايرىماق، مىزان" دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. چۈنكى ئۇ ھەق بىلەن باتىلنى ئېنىق ئايرىدى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**پۈتۈن جاھان ئەھلىنى ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان**

**ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.**

— سۈرە«فۇرقان»(25 — سۈرە)، 1 — ئايەت

10. ئەلشىفا(الشفا)— ''داۋا، شىپا'' دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. چۈنكى قۇرئان كەرىم ''ئاسىيلىق، نادانلىق'' قاتارلىق قەلب كېسەللىرىگە شىپادۇر. مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمگە بويسۇنىدۇ، شۇنداقلا تەنىنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلىيالايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**بىز مۇئمىنلەرگە(يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز.**

— سۈرە«ئىسرا»(17 — سۈرە)، 82 — ئايەت

11. ئەلمەۋئىزە(الموعظة)— ''تەلىم، نەسىھەت، تەربىيە'' دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەرتكە(يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۇئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان(قۇرئان) كەلدى.**

— سۈرە«يۇنۇس»(10 — سۈرە)، 57 — ئايەت

12. زىكىر(الذكر)— ''زىكرى قىلىش، تەلىم، ئەسلەش'' دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز.**

— سۈرە«ھىجر»(15 — سۈرە)، 9 — ئايەت

**بۇ بىز(سىلەرنىڭ تىلىڭلاردا) نازىل قىلغان مۇبارەك قۇرئاندۇر.**

— سۈرە«ئەنبىيا»(21 — سۈرە)، 50 — ئايەت

**قۇرئان ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە(ئۇلۇغ) شەرەپتۇر.**

— سۈرە«زۇخرۇف»(43 — سۈرە)44 — ئايەت

13. ئەلمۇبارەك(المبارك)— ''بەخت، قۇت، قۇتلۇق'' دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**بۇ بىز(سىلەرنىڭ تىلىڭلاردا) نازىل قىلغان مۇبارەك قۇرئاندۇر.**

— سۈرە«ئەنبىيا»(21 — سۈرە)، 50 — ئايەت

14. ئەلئەلىي(العلى)— ''ئۇلۇغ، كاتتا، بۈيۈك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك'' دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ھەقىقەتەن ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا(مۇقىملاشقان) يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ھېكمەتلىك(كىتاب)دۇر.**

— سۈرە«زۇخرۇف»(43 — سۈرە)، 4 — ئايەت

15. ئەلھەكىمە(الحكمة)— ''سىر، ئەقىل، ھېكمەت'' دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. چۈنكى قۇرئان كەرىمگە چەكسىز سىر ـ ھېكمەت، ئىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلەر مۇجەسسەملەنگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**مۇكەممەل ھېكمەت كەلدى.**

— سۈرە«قەمەر»(54 — سۈرە)، 5 — ئايەت

16. ئەلھەكىم(الحكيم)— ''ھېكمەت، پاراسەت'' دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئەلىف، لام، را. بۇ ھېكمەتلىك كىتاب (يەنى قۇرئان) ئايەتلىرىدۇر.**

— سۈرە«يۇنۇس»(10 — سۈرە)، 1 — ئايەت

17. ئەلمۇھەيمىن(المهيمن)— ''ھامىي قىلىش، كۆزەتكۈچى، ئېتىراپ قىلغۇچى'' دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد!)، بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىد بولغۇچى ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق.**

— سۈرە«مائىدە»(5 — سۈرە)، 48 — ئايەت

18. ئەلھەبل(الحبل)— ''ئارغامچا، تانا'' دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا(يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار ئايرىلماڭلار.**

— سۈرە«ئال ئىمران»(3 — سۈرە)، 103 — ئايەت

19. ئەسسىرات ئەلمۇستەقىم(الصراط المستقيم)— ''توغرا يول، ھىدايەت يولى'' دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. چۈنكى قۇرئان كەرىم بىزگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى بولغان جەننەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار.**

— سۈرە«ئەنئام»(6 — سۈرە)، 153 — ئايەت

20. ئەلقەييۇم(القيوم)— ''قىممەتلىك، قىڭغىرسىز'' دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

www.uyghurkitap.com

**جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، (ئاللاھ ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆئمىنلەرگە ئۇبدان مۇكاپات بېرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن بەندىسى(يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد)گە توغرا، ھېچقانداق ئىگرىلىق(يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى.**

ــ سۈرە«كەھف»(18 ــ سۈرە)، 1 ــ ئايەت

21. ئەلقەۋل(القول)ــ"سۆز، ئىبارە" دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**قۇرئان شەك-شۈبھىسىز(ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى) سۆزدۇر.**

ــ سۈرە«تارىق»(86 ــ سۈرە)، 13 ــ ئايەت

22. ئەلفەسل(الفصل)ــ"ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى" دېگەن مەنىگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**قۇرئان شەك-شۈبھىسىز(ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى) سۆزدۇر.**

ــ سۈرە«تارىق»(86 ــ سۈرە)، 13 ــ ئايەت

23. ئەننەبەئ ئەلئەزىم(النبأ العظيم)ــ"چوڭ خەۋەر، ئالاھىدە خەۋەر" دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئۇلار چوڭ بىر خەۋەر (يەنى قىيامەت توغرۇلۇق) سورىشىدۇ.**

ــ سۈرە«نەبە»(78 ــ سۈرە)، 2 ــ ئايەت

24. ئەھسەنەل ئەھادىيس(أحسن الأحاديث)ــ"گۈزەل كەلىمە، ئەڭ ياخشى سۆز" دېگەن مەنىدە.

25. ئەلمەسانى(المثاني)ــ"تەكرار، قايتا ــ قايتا قوش كېلىدىغان" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. مۇنداق ئاتىلىشىدىكى تۈپ سەۋەب: قۇرئان كەرىم قايتا ــ قايتا ئوقۇلىدىغان مۇقەددەس كىتاب. يەنە بىر جەھەتتىن: قۇرئاندا قەدىمىي قەۋملەرنىڭ ئىشلىرى قايتا تىلغا ئېلىنغان. يەنە بىر خىل قاراشتا قۇرئاندا بىر قىسىم قەدىمكى تارىخ تەكرار قەيت قىلىنغان. كىشىلەرنى تارىخنى ئۆرنەك قىلىپ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسقان. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر بۇ سۈرە«فاتىھە»نىڭ ئىسمىغا ئاساسەن ئاتالغان. چۈنكى سۈرە«فاتىھە» نامازلاردا تەكرار ــ تەكرار ئوقۇلىدۇ.

26. ئەلمۇتەشابىھ(المتشابه)ــ"ئوخشاش، ئوخشاشلىقتا ئىگە" دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز-نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن(ئاللاھنىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ(ئارام تاپىدۇ)، ئەنە شۇ(يەنى قۇرئان) ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن(ئاللاھ) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ.**

ــ سۈرە«زۇمەر»(39 ــ سۈرە)، 23 ــ ئايەت

27. تەنزىل(التزيل)ــ "چۈشۈرۈش، چۈشمەك" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.**

ــ سۈرە«شۇئەرا» (26 ــ سۈرە)، 192 ــ ئايەت

28. رۇھ(الروح)ــ"روھ، جان" دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**شۇنىڭدەك(يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن(ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بىز بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك-شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن.**

ــ سۈرە«شۇرا»(42 ــ سۈرە)، 52 ــ ئايەت

29. ئەلۋەھيى(الوحي)ــ "ۋەھيى" دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد!) "مەن سىلەرنى پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرىمەن" دېگىن.**

ــ سۈرە«ئەنبىيا»(21 ــ سۈرە)، 45 ــ ئايەت

30. ئەلئەرەبىي(العربي)ــ"ئەرەبچە" دېگەن مەنىدە. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئەرەب تىلىدا نازىل

قىلىنغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئەلىف، لام، را. بۇ روشەن كىتاب ئايەتلىرىدۇر. شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق.**

ــ سۈرە«يۇسۇف»(12 ـ سۈرە)، 1ــ 2 ـ ئايەت

31. ئەلبەسائىر(البصائر)ــ"روشەن دەلىل ـ ئىسپاتلار" دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، "مەن پەقەت پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن ماڭا ۋەھيى قىلىنغاننىلا ئەمەل قىلىمەن، بۇ (قۇرئاندا سىلەرگە) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن دەلىللەردۇر، ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر".**

ــ سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 203 ـ ئايەت

32. ئەلبەيان(البيان)ــ"روشەن بايان" دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەرگە مۆجىزىلەر ۋە سىلەر ئېيتقان مۆجىزە بىلەن ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەر كەلدى.**

ــ سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 183 ـ ئايەت

33. ئەلئىلىم(العلم)ــ"بىلىم" دېگەن مەنىگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد!) بۇ بولسا ساڭا بىز ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەردۇر ۋە ھېكمەتلىك قۇرئاندۇر.**

ــ سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 58 ـ ئايەت

34. ئەلھەق(الحق)ــ"ھەق، ھەقىقىي، ھەقىقەت" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**(ئىيسا ھەققىدىكى بۇ سۆز) ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر، سەن شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن.**

ــ سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 60 ـ ئايەت

35 ئەلھادى(الهادي)ــ"يېتەكلىگۈچى، باشلامچى" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ.**

ــ سۈرە«ئىسرا»(17 ـ سۈرە)، 9 ـ ئايەت

36. ئەلئەجەب(العجب)ــ"ئاجايىپ، كەم كۆرۈلىدىغان" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، "بىر قانچە نەپەر جىننىڭ(مەندىن قۇرئان) تىڭشاپ(ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيى قىلىندى، ئۇلار(قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن) ئېيتتى: 'بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق'".**

ــ سۈرە«جىن»(72 ـ سۈرە)، 1 ـ ئايەت

37. تەزكىر(التذكير)ــ"تەنبىھ، ساۋاق، ۋەز ـ نەسىھەت" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.

**شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ قۇرئان تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر.**

ــ سۈرە«ھاققە»(69 ـ سۈرە)، 48 ـ ئايەت

38. ئەلئۇرۋە ئەلۋۇسقا(العروة الوثقى)ــ"مۇستەھكەم تۇتقا" دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**دىندا(ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت(يەنى ئاللاھتىن باشقا مەئبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ(بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.**

ــ سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 256 ـ ئايەت

39. سىدىق(الصدق)ــ"راست، چىن، ھەقىقىي" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**راست سۆز(يەنى قۇرئان)نى ئېلىپ كەلگەن كىشى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر ـــ ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر.**

ــ سۈرە«زۇمەر»(39 ـ سۈرە)، 33 ـ ئايەت

40. ئەلئادىل(العادل)ــ"ھەق، ئادالەتكە ئىگە" دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "ئاللاھ سىلەرگە روشەن كىتاب نازىل قىلغان تۇرسا، (ئارىمىزدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىش ئۈچۈن) ئاللاھتىن غەيرىي ھۆكۈم قىلغۇچىنى تەلەپ قىلامدىم؟" بىز كىتاب ئاتا قىلغانلار(يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلىمالىرى) ئۇنىڭ(يەنى قۇرئاننىڭ) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، سەن ھەرگىزمۇ شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن.**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــ سۈرە«ئەنئام»(6 ــ سۈرە)، **114** ــ ئايەت

**41**. ئەلئەمر(الأمر)ــ"ئەمر، بۇيرۇق" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە نازىل قىلغان ھۆكمىدۇر، كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب بېرىدۇ.**

ــ سۈرە«تەلاق»(65 ــ سۈرە)، **5** ــ ئايەت

**42**. ئەلمۇنادى(المنادى)ــ"چاقىرىش" دېگەن مەنىگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) "رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار" دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن.**

ــ سۈرە«ئال ئىمران»(3 ــ سۈرە)، **193** ــ ئايەت

**43**. ئەلبۇشرا(البشرى)ــ"بەخت خەۋىرى، خۇش خەۋەر، بېشارەت" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئېيتقىنكى، جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (ئاللاھقا دۈشمەندۇر)، چۈنكى ئۇ(يەنى جىبرىئىل) ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى(يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۇئمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى.**

ــ سۈرە«بەقەرە»(2 ــ سۈرە)، **97** ــ ئايەت

**44**. ئەلمەجىد(المجيد)ــ"ئاجايىپ، ئۇلۇغ، قىممەتلىك" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**بەلكى(ئۇلار ئىنكار قىلغان نەرسە) لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر.**

ــ سۈرە«بۇرۇج»(85 ــ سۈرە)، **21**ــــ **22** ــ ئايەتلەر

**45**. زەبۇر(الزبور)ــ"زەبۇر"(قۇرئان، ئىنجىل، زەبۇر، تەۋرات قاتارلىق تۆت چوڭ ساماۋى كىتابنىڭ بىرى). ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا(ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇتقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا(يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق.**

ــ سۈرە«ئەنبىيا»(21 ــ سۈرە)، **105** ــ ئايەت

**46**. ئەلبەشىر(البشير)ــ"خۇش خەۋەر بەرگۈچى" دېگەن مەنىگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**قۇرئان (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچىدۇر.**

سۈرە«فۇسسىلەت»(41 ــ سۈرە)، **4** ــ ئايەت

**47**. نەزىر(النذير)ــ"تەنبىھ بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**قۇرئان(مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچىدۇر، (كۇففارلارنى دوزاخ بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر، مۇشرىكلارنىڭ تولىسى(ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى پىكىر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈدى، ئۇلار(ئۇنىڭغا) قۇلاق سالمايدۇ.**

ــ سۈرە«نىسا»(4 ــ سۈرە)، **41** ــ ئايەت

**48**. ئەلئەزىز(العزيز)ــ"ئەزىز، غالىب، قۇدرەتلىك" دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار(قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر.**

ــ سۈرە«فۇسسىلەت»(41 ــ سۈرە)، **41** ــ ئايەت

**49**. ئەلبەلاغ(البلاغ)ــ"جاكارلاش، بىلدۈرۈش، يەتكۈزۈش" دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدى، قۇرئاننىڭ تىلى ناھايىتى پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىكتۇر.

**50**. ئەلقەسەس(القصص)ــ"ھېكايە" دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ.**

ــ سۈرە«يۇسۇف»(12 ــ سۈرە)، **3** ــ ئايەت

**51**. سۇھۇف(الصحف)ــ"سەھىپە، سەھىپىلەر" دېگەن مەنىگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئۇ(روشەن دەلىل) پاك سەھىپىلەرنى تىلاۋەت قىلىپ**

**تۇرىدىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەردۇر.**

ــ سۈرە«بەييىنە»(98 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت

52. ئەلمۇكەررەم(المكرم)ــ"قىممەتلىك، قەدىرلىك، ھۆرمەتلىنىدىغان" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئۇ(يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) قىممەتلىك، (قەدرى) يۇقىرى پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر.**

ــ سۈرە«ئەبەسە»(80 ـ سۈرە)، 13ــ 14 ـ ئايەتلەر

53. ئەلمەرفۇئە(المرفوعة)ــ"ئېسىل، قىممەتلىك، ماختاشقا سازاۋەر" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئۇ(يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) قىممەتلىك(قەدرى) يۇقىرى پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر.**

ــ سۈرە«ئەبەسە»(80 ـ سۈرە)، 13ــ 14 ـ ئايەتلەر

54. ئەلمۇتەھھەرە(المطهرة)ــ "پاك، بىغۇبار" دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئۇ(يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) قىممەتلىك(قەدرى) يۇقىرى پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر.**

ــ سۈرە«ئەبەسە»(80 ـ سۈرە)، 13ــ 14 ـ ئايەتلەر

55. ئەلمۇسھەف(المصحف)ــ"كىتاب، سەھىپىلەرگە يېزىلغان كىتاب" دېگەن مەنىگە ئىگە. يۇقىرىقى 55 مۇبارەك ئىسىم ئىچىدە "ئەلمۇسھەف" دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنمىغان. ئەمما "ئەلمۇسھەف" بىلەن "ئەسسۇھۇف" ئىككىسى بىر مەنىدە. قۇرئان كەرىمدە "ئەسسۇھۇف" بىر نەچچە يەردە تىلغا ئېلىنغان.

يۇقىرىقىلار جالالىددىن سۇيۇتىنىڭ «قۇرئانشۇناسلىق ھەققىدە بايان» دېگەن كىتابىدا زىكرى قىلىغان قۇرئاننىڭ 55 خىل مۇبارەك ئىسىملىرىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئاننىڭ ئىسمى دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان ئۈچ مۇبارەك ئىسىم بار، كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ قىسقىچە شەرھلەيمىز.

1. ئەلبۇرھان(البرهان)ــ"روشەن بايان، دەلىل" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن(شانلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) ئوچۇق دەلىل كەلدى، سىلەرگە روشەن نۇرنى(يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.**

ــ سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 174 ـ ئايەت

2. ئەلمۇسەددىق(المصدق)ــ"تەستىق قىلغۇچى، ئېتىراپ قىلغۇچى، ئىسپات" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**بۇ (قۇرئان) بىز نازىل قىلغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى مۇبارەك كىتابتۇر.**

ــ سۈرە«ئەنئام»(6 ـ سۈرە)، 92 ـ ئايەت

**(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۇزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىد بولغۇچى ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق.**

ــ سۈرە«مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 48 ـ ئايەت

3. ئەلمەسۇن(المصون)ــ"قوغدالغۇچى، ساقلانغۇچى" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئەمما بۇ مەزمۇنغا ئائىت ئايەت قەيت قىلىنمىغان.

يۇقىرىقى مۇبارەك ئىسىملار ئىچىدە سەككىز ئىسىم قۇرئان كەرىمدە كۆپ ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭدىكى "فۇرقان" دېگەن نام 25 ـ سۈرىنىڭ نامى قىلىنغان، بۇ 55 مۇبارەك نام قۇرئان كەرىمنىڭ خۇسۇسىيىتى ياكى رولىنى يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىنغان. بۇ مۇبارەك ئىسىملارنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ كۆرگىنىمىزدە ئۇنىڭدىكى بەزى ئىسىملارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالاغا مەدھىيە ئوقۇپ ئېيتىلىدىغان ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىغىمۇ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، "ئەلھەق"، "ئەلئەدىل"، "ئەلھادى"، "ئەلھەكىم"، "ئەلمۇھەيمىن"، "ئەننۇر"لارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئىچىدىن تاپقىلى بولىدۇ.

(بۇ ماقالە ئىبراھىم دىڭ جۇننىڭ ماقالىسىغا ئاساسەن تەييارلانغان؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرەم)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# سۈرە «فاتىھە»نىڭ قىسقىچە تەپسىرى

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

”أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ“

**[قوغلاندى شەيتاننىڭ(ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن]**نىڭ تەپسىرى

”أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ“**[قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن]** سۈرە «فاتىھە»نىڭ ئايەتلىرى جۈملىسىدىن ئەمەس، ھەم ”بِسْمِ اللّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ“ **(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**گە ئوخشاش ھەر بىر سۈرىنىڭ بېشىغا يېزىلمىغان. ئەمما، قۇرئان كەرىمدە: **”سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن“** {سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە) 98 ـ ئايەت} دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن، سۈرە ـ ئايەتلەرنى قىرائەت قىلىشتىن بۇرۇن بۇ كەلىمە دېيىلىدىغان بولغان.

”أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ“نىڭ كەڭ مەنىسى: شەيتاننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمدا زىيان يەتكۈزۈشىدىن، يەنى قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىشىدىن، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقتۇرۇشىدىن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

نېمە ئۈچۈن ئاللاھتىن پاناھ تىلەش كېرەك؟ چۈنكى، شەيتاننى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى شەيتاننىڭ يامانلىقىنى توسۇش ئۈچۈن، پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىدىنلا پاناھ تىلەشكە ئەمرى قىلغان.

”أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ“**[قوغلاندى شەيتاننىڭ(ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن]**مۇئمىنىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئىنساننىڭ ئوچۇق دۈشمىنى بولغان شەيتاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىشتا، ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىگە ئۆزىنى تاپشۇرۇشىدۇر. بۇنداق ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇش ئەقىدىسى ئىنساننىڭ شەيتاننىڭ خەتىرىدىن ساقلىنىشتىكى ھەقىقي كاپالىتىدۇر.

شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەش ياكى تىلىمەسلىك ئەقىدە مەسىلىسىدۇر. ”پاناھ تىلەش“نى قەستەن تەرك ئېتىش ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىش ئاللاھ تائالاغا كۇفرىلىق ۋە بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقتۇر، ئەمما ئۇنتۇپ قېلىپ تەرك ئېتىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

قۇرئان كەرىم تەپسىرى

## ’’بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ‘‘
## (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)نىڭ تەپسىرى

”بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ“نىڭ كەڭ مەنىسى: بارلىق ئىشلىرىمنى ئاللاھتىن مەدەت تىلەپ ئۇنىڭ نامىنى ئاتاش، ئۇنى ياد ئېتىش، ئۇنى ئۇلۇغلاش بىلەن باشلايمەن. چۈنكى، ئۇ مەبۇد بەرھەقتۇر، رەھمىتى ھەممە شەيئىنى قاپلىغاندۇر. ئۇ چوڭ، كىچىك نېمەتلىرىنى بارچە مەخلۇقاتقا بەخش ئەتكۈچىدۇر.

قۇرئان كەرىمدىكى سۇرە«تەۋبە»دىن باشقا بارلىق سۇرىلەر ’’بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ‘‘(**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**) بىلەن باشلانغان. بۇنىڭدىكى ھېكمەت: ھەربىر سۇرىدە ھەقىقەتنىڭ، شۇنداقلا بەندىلەرگە بېرىلگەن چىن ۋەدىنىڭ بارلىقىنى؛ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرگە بەرگەن ئاشۇ ۋەدىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى سەمگە سېلىش، ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرى ۋە مەبۇدلىرىنىڭ نامى بىلەن باشلايدىغان ئەھلى شېرىككە مۇخالىپ ھالدا، بارلىق ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە تەۋپىقىنى تىلەپ ’’بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ‘‘(**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**)بىلەن باشلاشنى تەلىم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بارلىق ئىشلىرنى ’’بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ‘‘(**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**) بىلەن باشلاش ياكى باشلىماسلىق ئەقىدە مەسىلىسىدۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن باشلاشنىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەش، ھىدايەت تىلەشتىن دېرەك بېرىدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالادىن باشقا نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن باشلاش ئاشۇ نەرسىلەردىن مەدەت تىلەشتىن، شۇنداقلا ئاشۇ نەرسىلەرنى خۇدا دېيىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئەقىدە مەسىلىسى بولغاچقا، ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانماي، ئاللاھتىن غەيرىسىنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانغان جانلىقلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشكە بولمايدۇ.

## ’’اَلْحَمْدُ للهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ‘‘
## (جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر)نىڭ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بىزگە ئۆزىگە قانداق ھەمدۇسانا ئېيتىش، ئۆزىنى قانداق مەدھىيىلەش، قانداق ئۇلۇغلاش كېرەكلىكىنى تەلىم قىلىپ ’’اَلْحَمْدُ للهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ‘‘(**جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر**) دەيدۇ. بۇ سۆزىنىڭ بېشىدا ’’ئى بەندىلىرىم!، سىلەر ماڭا ھەمدۇسانا ۋە شۈكرى ـ تەشەككۇر ئېيتماقچى بولساڭلار ’’اَلْحَمْدُ للهِ ‘‘(**جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر**) دەڭلار، نېمەت ـ ئېھسانلىرىمغا بىنائەن ماڭا شۈكرى قىلىڭلار. چۈنكى، مەن كاتتىلىق، ئۇلۇغلۇق، يۈكسەكلىك ئىگىسىدۇرمەن؛ يارىتىش، ئاپىرىدە قىلىشتا يەككە ـ يېگانىدۇرمەن؛ ئىنسى ـ جىنلارنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، ئاسمان ـ زېمىنلارنىڭ، ھەممە...... نىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدۇرمەن‘‘ دېگەن مەنا يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش ــ ئاللاھ تائالانى ئۆزىگە لايىق سۈپەت بىلەن سۈپەتلەشنى ۋە ئاللاھ تائالا بەرگەن نېمەتلەرگە قارىتا ئاللاھ تائالاغا شۈكرى (رەھمەت) ئېيتىشنى كۆرسىتىدۇ.

’’اَلْحَمْدُ للهِ ‘‘(**جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر**) بولسا، ئاللاھ تائالانى زىكرى قىلغان مۇئمىننىڭ قەلبىدىن ئېتىلىپ چىققان چىن ئەقىدە، قايناق مۇھەببەت، سەممىي ئىخلاس بولۇپ، ئۇنىڭ باشتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىشى پەقەت كىشىنىڭ ھەمدۇسانا ئېيتقۇسىنى كەلتۈرىدىغان بىھېساب ئىلاھىي نېمەتلەرنىڭ چەكسىزلىكىدىن بولغان. يەنى "اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ" **(جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر)**نىڭ باشتا كېلىشى ئاۋۋال نېمەتكە شۈكرى قىلىش، نېمەت بەرگۈچىگە مەدھىيە ئوقۇش يۈزىسىدىن بولغان. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى ھەربىر لەھزىدە، ھەربىر دەقىقىدە، ھەربىر قەدەمدە ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتلىرىنى، بولۇپمۇ ئىنسانلارنى ئوراپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن "اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ" **(جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر)**نىڭ ھەم باشتا ھەم ئاخىردا كېلىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي قائىدە ـ پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قائىدە دەل "...... **دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا مەنسۇپتۇر** ......"{سۈرە«قەسەس»(28 ـ سۈرە) 70 ـ ئايەت} دېگەن ئايەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا، بىز ئاللاھ تائالاغا ھەم ئىشنىڭ بېشىدا ھەم ئىشنىڭ ئاخىرىدا ھەم ئەتىگەندە ھەم ئاخشامدا، ھەم ئاشكارا ھەم مەخپىي ھالدا "اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ" **(جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر)** دەيمىز. ئىبنى كەسىر رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى ھەزرەتلىرى مۇنداق يازىدۇ: "ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس زاتىنى ئىشلارنىڭ بېشىدا ھەم ئاخىرىدا مەدھىيىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەرقاچان مەدھىيىلەنگۈچىدۇر".

"اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ" **(جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر)** دېگەن جۈملە ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز نېمەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىققان چىن ئىخلاسى، گۈزەل مەدھىيىسى، سەممىي تەشەككۇرى بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۈزلەنگەنلىكىنى ئىپادىلىسە، "رَبِّ الْعَالَمِينَ" **( ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى )** دېگەن سۆز ئاشۇنداق گۈزەل مەدھىيەلەرگە سازاۋەر بولغۇچى زات ــ ئاللاھ تائالانى ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى، پەرۋەردىگارى، دەپ سۈپەتلەش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئاساسى بولغان تەۋھىد ئەقىدىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. "رَبِّ الْعَالَمِينَ" **( ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى )** مۇتلەق، شامىل رەببانىيلىقنى كۆرسىتىدۇ، يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنى يارىتىپ ئۇنىڭغا رىزىق ھەم ئەقىل بېرىپ، ئۇنى ئاسراپ تەربىيەت قىلىش ۋە بۇ تەربىيەتنى ئاللاھ تائالانىڭ قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئېتىراپ قىلىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنىڭ بىرىدۇر. "رَبِّ" **(پەرۋەردىگار)** بارچە ئىشلارنى مۇتلەق، خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرغۇچى، بەلگىلىگۈچى، باشقۇرغۇچى ئىگە، دېگەن مەنىدە بولۇپ ئۇ مەخلۇقاتقا تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي ئىگە بولۇپ ھەرگىز ئىگىلەنمەيدۇ، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي ياراتقۇچى بولۇپ يارىتىلمىغان. ئىگىنىڭ ماھىيەتلىك مەنىسى تۈزگۈچى ۋە تەربىيىچىدۇر. بۇ يەردىكى تۈزەش ۋە تەربىيەت ئالەملەرگە قارىتىلغان. ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئالەمنى بىكار، ھېكمەتسىز ياراتقىنى يوق. بەلكى، ئۇنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن يارىتىپ، ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىسلاھ قىلىدۇ ۋە تەربىيەت قىلىدۇ. پۈتۈن مەخلۇقات ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتىگە ئېرىشىپ ھىمايە قىلىنىدۇ، ئاللاھ تائالا بىلەن مەخلۇقات ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئالاقە ۋە رىشتە مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ، ئەنە ئاشۇنداق مۇتلەق رەببانىيلىق (ئىلاھىي تەربىيەت) كامىل تەۋھىد(بىر خۇدالىق ئېتىقاد) بىلەن شېرىك(كۆپ خۇدالىق ئېتىقاد) ئوتتۇرىسىدىكى ئاچالدۇر. بۇ سۈرىدە بىر خۇدالىق ئېتىقادنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەقىدىنى توغرىلاشقا تۇتقان كەسكىن پوزىتسىيىسى ۋە كامالىي ئىنايىتىدۇر.

## "اَلرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ" **( ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر)**نىڭ تەپسىرى

"اَلرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ" **( ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر)** بۇ "رَحْمَة" (مېھرى ـ شەپقەت) دېگەن سۆز تومۇرىدىن تۈرلەنگەن ئىككى سۈپەت بولۇپ، مېھرى ـ شەپقەتنى ئىپادىلەيدىغان بارلىق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى سۈپەت سۈرىنىڭ ئاساسىي ئومۇرتقىسىدا مۇستەقىل بىر ئايەت سالاھىتىدە كەلگەن. بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت رەببانىيلىقتا

نامايان بولغۇچى ئالامەتلەرنى تەكىتلەش ۋە كۈچەيتىش، ئىگە بىلەن ئىگىلەنگۈچى، ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلمەس رىشتىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، ئىلاھىي ۋە ئىنسانىي مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ توختاۋسىز ئېقىنىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىش ئۈچۈندۇر. بۇ يەردىكى رىشتە مېھرى ـ شەپقەت، كۆڭۈل بۆلۈش، ئاسراش رىشتىسى بولۇپ تەبىئىي ھالدا يارالغۇچىنىڭ ھەمدۇسانا ئېيتىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسىنىڭ بېشىدىلا ئازاب مەنىسىدىكى سۈپەتلەر كەلمەي مېھرى ـ مۇھەببەتنى مەزمۇن قىلغان بۇ ئىككى سۈپەتنىڭ كېلىشى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتقا بولغان كامالىي مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەپ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ غەزىپىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. بۇنداق ئىپادىلەش كىشىگە ئىشىنىڭ بېشىدىلا ئۈمىد، ئىشەنچ بېغىشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھ تائالا ئادەمنى ياراتقاندا ئادەم چۈشكۈردى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا "الحمد لله" (جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر) دېيىشنى ئىلھام قىلدى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا "يرحمك الله" (ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن!) دېدى. شۇڭا، ئۇ(ئاللاھ)نىڭ رەھمىتى غەزىپىنى بېسىپ چۈشكەن"** (ئىبنى ھەببان توپلىغان).

ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتنى يارىتىشى ماھىيەتتە ئاللاھنىڭ ئىنسان ۋە باشقا جانلىقلارغا بولغان چەكسىز مەرھەمىتىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قاغجىراق زېمىن، دەشت ـ چۆللەرگە، تاغ ـ جىلغىلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ ئاشلىق ـ زىرائەتلەرنى، ئوت ـ چۆپلەرنى ئۈندۈرۈپ جانلىقلارغا رىزىق ئاتا قىلىشىمۇ ئاجايىپ چوڭ رەھمەتتۇر. ئىنسانلار دەل ئاشۇ رەھمەت تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرىگە مېھرىباندۇر، ئاتا ـ ئانا بالا ـ چاقىغا، بالا ـ چاقا ئاتا ـ ئانىغا مېھرىباندۇر، ئانا دەل ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئاشۇ مۇھەببەت تۈپەيلىدىن بالىسىنى ھەرقانداق شارائىتتا ئىمىتىدۇ. ياۋايى ھايۋانلارمۇ دەل ئاشۇ مۇھەببەت تۈپەيلىدىن بالىسىنى دەسسىۋەتمەيدۇ. بالىسىغا چېقىلغان ھەرقانداق كۈچكە قارشى ئوت ئاچىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە مۇھىت بىلەن بولغان ئىناق مۇناسىۋىتىمۇ دەل مۇشۇ مېھرى ـ مۇھەببەت تۈپەيلىدىن بولغان. ئەنە ئاشۇنداق مېھرى ـ مۇھەببەتنى ھېس قىلغان ھەرقانداق بەندە ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارسىز ھالدا ھەمدۇسانا، شۈكرى ـ تەشەككۈر، رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتماي تۇرالمايدۇ.

"مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ"

## (قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر)نىڭ تەپسىرى

"مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ" **(قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر)** پۈتۈن ئىنسانىيەتكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتىدىغان ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئىماننىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولغان چوڭ قائىدىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىگىدارلىق تىزگىنلەش ۋە كۆزىتىشنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدۇر. قىيامەت كۈنى بولسا ئاخىرەتتىكى جازا ـ مۇكاپات كۈنىدۇر. ئاللاھ تائالا دۇنيادا كىشىلەرنى سىنايدۇ، كۆزىتىدۇ؛ ئاخىرەتتە قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا جازا ـ مۇكاپات بېرىدۇ.

قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش ئىنسان نەزىرىنى ۋە قەلبىنى زېمىن ئالىمىنىڭ، يەنى پانىيلىق ئالەمنىڭ كەينىدىكى باشقا بىر غەيبىي ئالەمگە ئاغدۇرۇش ۋە بۇراشتا زۆرۈر بولغان بىر ئەقىدىدۇر. ئىنسان بۇنداق ئەقىدىگە ئېرىشكەندە بۇ ئالەمدىكى قىزىقتۇرۇشلار ۋە ھەلەكچىلىكلەر ئۇنى گاڭگىرىتالمايدۇ ھەم بويسۇندۇرالمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۆز ھاۋايى ھەۋەسلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئىككىلىنىش، شەكلىنىش خاھىشىدىن تەلتۆكۈس ئازاد بولالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا يۈزلىنىدۇ؛ ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنى بېرىدىغان مۇكاپاتىغا ئۈمىد ۋە خەۋپ تۇيغۇسى بىلەن ئىنتىزار بولىدۇ.

"مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ" **(قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر)** دېيىش ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانى باشقا كۈنلەرنىڭ ئىگىسى ئەمەس، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئاللاھ

www.uyghurkitap.com

تائالانى "**قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر**" دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرگە قىيامەت كۈنىنىڭ بەندىلەردىن ھېساب ئېلىنىدىغان، ئۇلار قىلغان ياخشى ـ يامان ئىشلارغا جازا ـ مۇكاپات بېرىلىدىغان كۈن ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ھەق ـ ناھەقنى يەتكۈزمەي تۇرۇپ، ئاشۇنداق مۇكاپات ـ جازا بېرىلىدىغان بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەي تۇرۇپ ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ئىلاھىي ئادالىتىنى نامايان قىلىشنى ۋە ئۇنى ئالدىن ئەسكەرتىپ قويۇشنى مەقسەت قىلغان.

"إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ"

**[(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز]**نىڭ تەپسىرى

پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش، پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا مەدەت تىلەشتىن ئىبارەت بۇ قائىدە مەزكۇر سۈرىدە زىكرى قىلىنغان يۇقىرىقى قائىدىلەرنىڭ تەقەززاسىدىن كېلىپ چىققان قائىدىدۇر.

"إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ" **[(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز]** دېگەن ئايەت بەندە بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە بولۇپ، بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشنى ۋە ئۇنىڭدىنلا ياردەم سورىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىبادەت، تىلەك، تەلەپ بەندىدىن بولىدۇ؛ مەدەت، ياردەم، قوللاش ئاللاھ تائالادىن بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسىي مەقسەت ـ مەنىلىرى مۇشۇ ئايەتكە يىغىنچاقلانغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ، بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققى بىلەن بەندىلىرىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەققىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەسلىكىدۇر؛ بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلار ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمىسىلا ئۇلارنى ئازابلىماسلىقتۇر.

"**(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز**"نى بەندە ھەربىر رەكئەت نامازدا تەكرارلاپ تۇرىدىغان ۋەسىقە(ئەسلەتمە) بولۇپ، بۇ بەندىگە ئاشۇ ۋەدىنى داۋاملىق ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. بۇ شۇنداق ئەھدىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن، مۇقەددەس كىتابلار چۈشۈرۈلگەن.

"**(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز**" ئەھلى ئىسلام بىلەن ئەھلى شېرىكنى ئايرىغۇچى پاسىلدۇر. ئاسمان بىلەن يەر، ئاجىز بىلەن كۈچلۈك، نامراتلىق بىلەن بايلىق، پانىيلىق بىلەن باقىيلىق ئارىسىنى باغلىغۇچى رىشتىدۇر. شۇنداقلا ئاجىز بەندە بىلەن قادىر ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى رىشتىدۇر.

"اهدِنَا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ"

**(بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن)**نىڭ تەپسىرى

يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى پروگرامما خاراكتېرلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي روھى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇڭا، يۇقىرىقى ئايەتلەر بايان شەكلىدە كەلگەن. "اهدِنَا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ"**(بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن)** دېگەن بۇ ئايەت بولسا خىتاب شەكلىدە كېلىپ ئاللاھ تائالا بىزگە ئۆزىدىن توغرا يولنى تىلەشنى تەلىم قىلغان. بۇ توغرا يول قايسى؟ بۇ دەل يۇقىرىقى ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن ئىسلام دىنى: ئىسلام ئەقىدىسىدۇر، ئىسلام شەرىئىتىدۇر، ئىسلام ئەخلاقىدۇر.

”صِرَاطَ الَّذِينَ أَنعَمتَ عَلَيهِمْ غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ“

**[غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا(باشلىغىن)]**نىڭ تەپسىرى

ئالدىنقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە ئۆزىدىن توغرا يول تىلەشنى تەلىم قىلغان بولسا، بۇ ئايەتتە ئاشۇ توغرا يولنى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇ شۇنداق يولكى، ئۇ يولدا ئاللاھ ئىنئام قىلغانلار ماڭغان، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار ۋە ئازغانلار ماڭمىغان. بۇ يەردىكى يول — ئىسلامدۇر، بۇ يەردىكى ئاللاھ ئىنئام قىلغانلار — پەيغەمبەرلەر، سىددىقلاردۇر. بۇ يەردىكى غەزەپكە يولۇققانلار يەھۇدىيلاردۇر، ئازغۇنلار ناسارالاردۇر.

بۇ ئايەتتە يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ئىنئام ۋە ئەڭ چوڭ بەخت ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىشى بىلەن بىرگە، بۇ ئىنئامدىن مەھرۇم قېلىشتىن ساقلىنىشقا بېرىلگەن بىر خىل تەنبىھ گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

”آمِين“

**(دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىل!)**نىڭ تەپسىرى

”آمِين“**(دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىل!)** دېگەن سۆز سۈرە«فاتىھە»نىڭ ئايەتلىرى جۈملىسىدىن ئەمەس، بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:”**ئىمام ئامىن دېسە، ئامىن دەڭلار. چۈنكى، پەرىشتىلەرمۇ ئامىن دەيدۇ. كىمنىڭ ئامىن دېگىنى پەرىشتىلەرنىڭ ئامىن دېگىنىگە ئۇدۇل كېلىپ قالسا، شۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ**“ (بەيھەقى توپلىغان) دېگەنلىكى ئۈچۈن، سۈرە«فاتىھە» ئاياغلاشقاندا ”ئامىن“ دېيىش ئەدەپكە ئايلانغان.

سۈرە«فاتىھە» قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھەمدە بۇ سۈرە شەكىل جەھەتتە دۇئا ـ تىلەك خاراكتېرىنى ئالغاچقا، بۇ سۈرە ئوقۇلۇپ بولغاندا ”ئامىن“ دېيىشنى تەقەززا قىلغان. ئادەتتە دۇئا ـ تىلەكلەر ئېيتىلىدىغان ئايەت ـ ھەدىسلەر ئوقۇلغاندا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭغا جۆر بولۇپ ”ئامىن“ دېيىشى تەبىئىيدۇر.

## سۈرە«فاتىھە»دىن چىقىرىلغان ئەقىدە ۋە ئەھكام مەسىلىلىرى

1. قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ”أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ“**[قوغلاندى شەيتاننىڭ(ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن]** دېيىش ۋە ھەرقانداق ئەھمىيەتلىك ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ”استعاذة“ ئىستىئازە — پاناھ تىلەش ئېيتىش، يەنى پاناھ تىلەش مەنىسىدىكى دۇئا ـ كەلىمىلەرنى ئوقۇش.

2. قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشتىن بۇرۇن”بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ“**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)** دېيىش ۋە ھەرقانداق ئەھمىيەتلىك ئىشنى”تَسْمِيِّة“ تەسمىيە — (ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاش) ئېيتىش بىلەن، يەنى ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاش مەنىسىدىكى دۇئا ـ كەلىمىلەر بىلەن باشلاش.

3. ھەرقانداق ياخشى ئىشنىڭ بېشى”اَلْحَمْدُ للهِ“ **(جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر)** دېگەنگە ئوخشاش ھەمدۇسانا بولۇش، يەنى ئىشلارنى ھەمدۇسانا بىلەن باشلاش(خۇتبە ئوقۇشمۇ مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان).

4. ھەمدۇسانا پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى پەقەت ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەنلا مەدھىيىلەش، نۇقسانىي سۈپەتلەر بىلەن

www.uyghurkitap.com

سۈپەتلىمەسلىك. ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىش، ئاللاھ تائالادىن باشقىغا ھەمدۇسانا ئېيتىشنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىنى تونۇش، ئەمما شۈكرى(رەھمەت ئېيتىش)نىڭ ئاللاھ تائالاغىمۇ بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالادىن باشقىلارغىمۇ بولىدىغانلىقىنى تونۇش. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.**

——سۈرە«فاتىھە»(1 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت

**ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى(قورسىقىدا) ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن.**

——سۈرە«لوقمان»(31 ـ سۈرە)، 14 ـ ئايەت

5. تەۋھىدى رۇبۇبىييەت: ئاللاھ تائالا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، يەنى ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش؛ 6. تەۋھىدى ئەسمائ ۋە سىفات: يەنى ئاللاھ تائالانى ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە بىر بىلىش. سۈپەتلەرنىڭ كۆپ بولۇشى سۈپەتلەنگۈچىنىڭ كۆپلۈكىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىش؛ 7.ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش(بۇ ئىماننىڭ بىر رۇكنى بولۇپ ئاللاھ تائالانى قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر، دېيىش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن)؛ 8. تەۋھىدى ئۇلۇھىييەت: يەنى ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن رەۋىشتە پەقەت ئاللاھقىلا قىلىش؛ 9. توغرا يول —— ئىسلام دىنىدۇر. 10. توغرا يولدا مېڭىشنى، توغرا يولغا ھىدايەت بېرىشنى ئاللاھتىن تىلەش؛ 11. ناماز ئوقۇغۇچى سۈرە«فاتىھە»دىن كېيىن مۇتلەق"ئامىن" دېيىش؛ 12. نامازدىن باشقا چاغلاردىمۇ سۈرە«فاتىھە» ئوقۇلۇپ ئاياغلاشقاندا "ئامىن" دېيىش.

ئاخىرىكالام، سۈرە«فاتىھە»نى ھەقىقىي ئارىفلىق يۈكسەكلىكىدە تەپەككۇر قىلغان ئىنسان، ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ مول مەنالارنى، ئاجايىپ گۈزەل لەفزىلەرنى ۋە ئىپادىلەشتىكى ئاجايىپ ئۇسلۇب ـ ماھارەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلالايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئارىفلىق مەرتىبىسىنىڭ دەرىجىلىرىگە لايىق نۇر ـ زىيا قوبۇل قىلىپ قەلب چىرىغىنى يورۇتالايدۇ. رەھمىتى پۈتۈن كائىناتنى قاپلىغان ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنى تىلغا ئالغان چاغدا، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا، ھەممىنى، بارچىنى ياراتقان، بارچىغا رىزىق بەرگەن، مېھرى ـ شەپقەتلىك زاتقا گۈزەل مەدھىيە ـ رەھمەت ـ تەشەككۇرلارنى ياغدۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى تونۇغان، ئۇنىڭ چەكسىز مېھرى ـ شەپقىتىنى تونۇغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئالەملەرنى جۇملىدىن ئىنسانلارنى —— ئۇلارغا قىزىقىپ قېلىپ ياكى ئۇلارغا موھتاج بولۇپ قېلىپ ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا پەزل ـ مەرھەمەت ۋە مېھربانلىق قىلىش يۈزىسىدىن ياراتقانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي مېھربانلىقىنى تەكرار تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنى بەندىلەردىن ھېساب ئالىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى بۇ دۇنياغا بىكار ياراتمىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە، جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ ھەمدە بۇ ئالەمنىڭ سىناق ئالىمى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ"**بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن**" دەپ ئىلتىجا قىلىپ ياخشىلىق بوسۇغىسىغا قەدىمىنى تاشلايدۇ ھەمدە"**ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز**" دەپ ئاللاھ تائالاغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلىنىپ ئۇنىڭدىن غەزەپكە يولۇققانلارنىڭ، ئازغانلارنىڭ يولىدىن يىراق تۇرۇشقا نېسىپ قىلىشنى تىلەيدۇ؛ "ئامىن"(**دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن**)دەپ نىدا قىلىدۇ.

مۇسۇلمان بەندىلەر قاچانكى سۈرە«فاتىھە»نى ئوقۇماقچى بولغىنىدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ ئۇنىڭدىن شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ بېرىشنى تىلىشى، ئۇنىڭ نامىنى چىن ئىخلاسى، سەممىي مۇھەببىتى بىلەن تىلغا ئېلىشى كېرەك، شۇندىلا سۈرە«فاتىھە»نىڭ روھىي ماھىيىتىگە يەتكىلى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشەنگىلى، ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرەم)

# ”ئىسلام دىنى بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان“ دېگەن ھەدىس ۋە ئۇنىڭ شەرھى

ياقۇپجان ئەزىز

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ:” بُنِىَ الإِسْلاَمُ عَلَى خَمْسٍ: شَهَادَةِ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ وَ إِقَامِ الصَّلاَةِ وَ إِيتَاءِ الزَّكَاةِ وَ الْحَجِّ وَ صَوْمِ رَمَضَانَ“ (رواه البخارى و مسلم).

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:”**ئىسلام دىنى بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇ بولسىمۇ بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ شاھادەت ئېيتىشتىن، پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشتىن، زاكات بېرىشتىن، ھەج قىلىشتىن، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت**“ (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

**بۇ ھەدىسدە كەلگەن ئاتالغۇلار: ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئىسلام، شاھادەت.**

**ئاتالغۇلارغا قىسقىچە ئىزاھات:**

**1)** ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، ۋەھيى نازىل بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى تۇغۇلغان، **84** يېشىدا(ھىجرىيە **73** ـ يىلى)مەككىدە ۋاپات بولغان. ئۇ مەككىدە كىچىك چېغىدا دادىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە مۇسۇلمان بولغان، دادىسى بىلەن بىللە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. ئۇ ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىكى دىنىي بىلىمى يۇقىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى كۆپ رىۋايەت قىلغان ئالتە ساھابىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن رىزۋان بەيئىتىگە ۋە كۆپ جەڭلەرگە قاتناشقان، پەرھىزكار، ھەقىقەت ئۈستىدە سابىت قەدەم، زاھىد، ئالىم، ئابىد، تەقۋادار كىشى ئىدى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى ھەرەم دائىرىسىنىڭ سىرتىغا دەپنە قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق مەككىنىڭ يېنىدىكى زىتۇۋا دېگەن جايدىكى مۇھاجىرلار مەقبەرىسىگە دەپنە قىلىنغان(مولla ئېلى قارىنىڭ «مىرقات» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى).

«مەنارۇلقارى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى ھەمزە مۇھەممەت قاسىم ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدا مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن **1630** ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. ئۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردىن **170** ھەدىس «سەھىھۇلبۇخارى» بىلەن «سەھىھۇلمۇسلىم» كىتابىدا بىرلىككە كەلگەن ھەدىس دەپ خاتىرىلەنگەن. ئىمام بۇخارى ئۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردىن ئايرىم **81** ھەدىسنى سەھىھ ھەدىس دەپ ئۆز كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ شەرھىسى«قەستەلانى»دا: ”ئىمام بۇخارى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن **270** ھەدىس رىۋايەت قىلغان“ دەپ خاتىرىلەنگەن.

**2)** ئىسلام(الإسلام): ئىسلام ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ”بويسۇنۇش، تەسلىم بولۇش، تىنچلىق، خاتىرجەملىك“ دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ شەرئەتتىكى مەنىسى، بىر ئىنساننىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ئېلىپ كەلگەن بىر ئىلاھلىق دىنغا قەلبىدە تەستىق قىلىپ، تىلىدا ئىقرار قىلىپ چىڭ

ھەدىس شەرىق تەھلىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تــۇرۇش بــىــلــەن بــىــرگە ئۇنىڭغــا بويــسۇنغانلىقنى ئەمەلىيىتــىــدە ئاشــكارىلاش، دىنــىي بەلگىلىمــىــلەرگە ئەمەل قىلىش دېگەن بولىدۇ. ئىسلام سۆزى قۇرئان، ھەدىــىستە ئــايرىم كەلــسە يۇقۇرىقــىدەك مەنــانى ئــۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئىمــان ســۆزى بــىــلەن بــىــرگە كەلــسە ئــۇ چاغــدا پەقەت تاشــقىرى جەھەتــتىن شەرئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىپ بويــسۇنغانلىق مەنــىسىنى بىلدۈرىــدۇ. ئىمــان سۆزى بولــسا چىــن قەلبىــدىن ئــىشىنىپ، تەســتىق قىلــىــپ، ئېتىقــاد قىلــــىپ، تىلــــدا ئىقـــرار قىلغـــانلىق مەنــــىسنى بىلدۈرىــدۇ. «ســەھىھۇلبۇخارى»نىــڭ شەرھــىسىنى يازغان ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ ”ئىسلام“ سۆزى بىلەن ”ئىمان“ سۆزى بىرلىشىپ كەلسە ئايرىلىدۇ، ئايرىلىپ كەلسە بىرلىشىدۇ. يەنى ئايرىلغاندا بىــر ـ بىرسىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتىدۇ، بىرلىشىپ كەلگەنــدە ئــۆزىگە خــاس بولغــان مەنىنــى ئايرىم ـ ئايرىم ئىپادىلەيدۇ، دەپ خۇلاسىلىغان.

**3)** شاھادەت(الشهادة): شاھادەت ئەرەبــچە ســۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى”كۆرۈش(كۆز بىلەن كۆرۈش، قەلب ئــارقىلىق كــۆرۈش، ئىلمــى تەجــرىبە ئارقىلىق كۆرۈشنى ئۆز ئىچىــگە ئالــىدۇ)، گــۇۋاھچى بولــۇش، ئىقــرار قىلــىش، قەســەم قىلــىش“ دېــگەن مەنىلەردە كېلىــدۇ. ئۇنــىڭ شــەرئەتتىكى مەنــىسى، گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغــان شــاھادەتنىڭ مەنــىسىنى بىلىش، شەكسىز ئــىشىنىش، ئېتىقــاد قىلــىش، شــۇ شاھادىتىدە راستچىل بولۇش، ئىخلاس قىلىش دېگەن بولىدۇ.

## ھەدىسنىڭ شەرھى

ئىسلام دىنى پۈتۈن كائىناتنى يــاراتقۇچى ئــاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامغا ۋەھيــى ئـــارقىلىق ســـابىت بولغـــان ھەق دىـــن. ئۇنـــىڭ قۇرۇلمىلىرى مۇستەھكەم، زېمىندا يىلتىــز تارتــىپ، ئاســماندا كــۆكلەپ ئاســمان ـ زېمىننــى تۇتاشــتۇرۇپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭغا ئېرىشكەنلەرنى دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە باشلايدىغان، ئىنسان تەبىئــتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئەمەل قىلىش ئاســان، قىيــامەت قايىم بولغۇچە داۋاملىشىدىغان، ئەقىلگە ئۇيغۇن دىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىگە ئــىسلام دىنىنــى تېخىمۇ ئېنىــق، ئەيــنەن چۈشــەندۈرۈش مەقــستىدە مۇنــداق دەيــدۇ:”**ئــىسلام دىنــى بەش ئاســاس ئۈســتىگە قۇرۇلغان**“ يەنى بىر ئۆينىڭ مــۇكەممەل ئــۆي بولــۇپ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن تۆت تام بىر ئۆگزىنىڭ ئۆزئارا بىرىكــشى، مەۋجــۇت بولۇشــى زۆرۈر بولغىنــىدەك، ئىسلام دىنى پەقەت ئۆزىنىڭ بەش ئاساسى ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقــا چىقىــدۇ ۋە مۇكەممەللىــشىدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســــسالام ئــــىسلام دىنىــــدىكى بەش پەرزنــــى ئىنسانلار تۇرمۇشىدا يازنىڭ ئىسسىقىدىن، قىــشنىڭ ســــوغۇقىدىن ســــاقلىنىش ئۈچــــۈن كەم بولــــسا بولمايــــدىغان، كــــېچە ـ كۈنــــدۈز كــــۆز ئالدىــــدىن كەتمەيــدىغان، قۇرۇلمــىسى مەزمــۇت، قەد كۆتــۈرۈپ تۇرغـــان مۇســـتەھكەم بىـــر ئـــۆيىنى بىنـــا قىلغانغـــا ئوخــشىتىش ئــارقىلىق ئــىسلام شــەرىئىتىنى بەرپــا قىلىشتىكى بەش پەرزنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، بىــر ـ بىرســـىنى تولۇقلايـــدىغانلىقى ۋە ئۇلارنـــىڭ بىـــر ـ بىرســدىن مــۇھىملىقىنى كــۆز ئالــدىمىزغا ئەيــنەن تەســۋىرلەپ بەردى. ھەرقانــداق بىــر قۇرۇلۇشــتا شــۇ قۇرۇلۇشنى تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر ئاساس بولغىنىدەك، ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ ئىچىــدىكى تەۋھىــد قــسمى دىنىنــىڭ ئاساســى، مەركــىزى ئىكەنلىكــى، قالغـــان تۆتىنـــىڭ تەۋھىـــدنى دەۋرى قىلغـــان ھالـــدا ۋۇجۇدقــــا چىقىــــپ، ئــــۇنى تولــــۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بۆلەك ئىكەنلىكىنى تەرتىپلىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھەر بىرىنىڭ ئــورنىنى بېكىتــىپ بەردى. بىز يۇقىرىقى ئوخشىتىشتىن شۇنى چۈشىنىپ ئالالايمىزكى، ھەرقانداق بىر جانلىق ھاياتى تۇرمۇشقا تــۇنجى قەدەم باســقان چېغىــدا ئۇنــىڭ ئەڭ ئــاۋۋال ھازىرلايــدىغىنى ئــۆي بولــىدۇ. ئــۆيىنى مــۇكەممەل ســېلىش ئۈچــۈن ئۇنــىڭ تــۆت تېمىنــى قوپــۇرۇش، ئۆگزىسىنى يېپىش كېرەك. شــۇنىڭدەك بىــر كــىشى ئىسلام دىنى تۇرمۇشىغا قەدەم باسماقنى ئىرادە قىلسا، چوقــۇم ئــــىسلام دىنــــىدىن ئىبــارەت مۇســـتەھكەم قۇرۇلمىنـــىڭ ئاساســـى يادروســـى بولغـــان ئېتىقـــاد تۈۋرۈكىنى تىكلەش بىــلەن بىــرگە ئۇنــىڭ ئــورنىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان، كۈچلەندۈرىــدىغان ئەمەللەردىــن ئىبارەت تۆت تېمىنى تولۇق قوپۇرۇشى كېرەك، دېگەن ئۇقۇمنى چۈشــىنىپ ئــالالايمىز. دېــمەك، پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ماددىي جەھەتتىكى قۇرۇلۇشــنى

تىكلەشكە ئەھمىيەت بەرگىنىمىزدەك، مەنىۋى ھاياتىمىزدىكى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت پاك ئېتىقاد قۇرۇلۇشىنى تىكلەشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ئېنىق تەلىم بەردى.

بەش پەرزنىڭ تۇنجىسى، ئەڭ مۇھىمى، بىر ئىنساننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يادروسى ''بىر ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ تۈگەنچىسى، بەندىنى جاھالەت زۇلمىتىدىن ئىمان نۇرىغا چىقىرىپ، توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بەرھەق ئەلچىسى'' دەپ قەلبىدە تەستىق قىلىپ، تىلىدا ئىقرار قىلىپ گۇۋاھلىق بېرىش. يۇقىرىقى گۇۋاھلىق بېرىش بىزنىڭ تىلىمىزدا ''شاھادەت كەلىمىسى ئېيتىش، ئىمان ئېيتىش'' دەپ ئومۇملاشقان.

دېمەك، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇقىرىقى مەنىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزئارا باغلىنىش بولۇپ، ئىنسان كۆزى بىلەن كۆرگەن نەرسىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، گۇۋاھلىق بەرگەندە قەسەم قىلىدۇ. شۇڭا تەۋھىد ئۆلىمالىرى ئىمانغا تەبىر بەرگەندە:''قەلبى بىلەن تەستىق قىلىش، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش، ئەزالىرى بىلەن ئەمەل قىلىش'' دېگەن. ئىمام بۇخارى «كىتابۇل جەنائىز»دا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق كەلتۈرگەن:''ۋەھبە ئىبنى مۇنەببەھ رەھمەھۇللاھدىن:'لائىلاھە ئىللەللاھۇ' جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ئەمەسمۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ:'شۇنداق، لېكىن ھەرقانداق ئاچقۇچنىڭ چىشى بولىدۇ. ئەگەر سەن چىشى بار ئاچقۇچنى ئېلىپ كەلسەڭ جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ساڭا ئېچىلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ساڭا ئېچىلمايدۇ' دەپ جاۋاب بەرگەن''. دەل شۇ ئاچقۇچنىڭ چىشى شاھادەت ئېيتقۇچىدا بولۇش تەلەپ قىلىنىدىغان شەرتلەردۇر. ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىچە:

**1**. شاھادەت ئېيتقۇچى ئېيتقان كەلىمە شاھادەتنىڭ مەنىسىنى تولۇق بىلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

**بىلگىنكى، ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد(بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر-ئايال مۇئمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ سىلەرنىڭ(بۇ دۇنيادىكى) ھەرىكىتىڭلارنى ۋە (ئاخىرەتتىكى) جايىڭلارنى بىلىدۇ (شۇڭا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەييارلىنىڭلار).**

——سۈرە«مۇھەممەد»(**47** ـ سۈرە)، **19** ـ ئايەت

**2**. شاھادەت ئېيتقۇچى ئېيتقان شاھادىتىگە ھېچقانداق شەك ـ شۈبھىسىز ئىشىنىشى كېرەك.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم:''مەن: **'ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ھېچ ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن' دەپ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ، 'ھەرقانداق بىر بەندە شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان، ھەم شۇ شاھادىتىگە شەك كەلتۈرمىگەن ھالدا ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ'** دېگەن، دەيدۇ''(مۇسلىم توپلىغان).

**3**. شاھادەت ئېيتقۇچى ئېيتقان شاھادىتىنى چىن قەلبىدىن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

**ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان(يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلىنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن(دىنىي جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى.**

——سۈرە«نىسا»(**4** ـ سۈرە)، **125** ـ ئايەت.

**4**. شاھادەت ئېيتقۇچى ئېيتقان شاھادىتىدە راستچىل بولۇشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

**كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ).**

——سۈرە«بەقەرە»(**2** ـ سۈرە)، **8** ـ ئايەت.

**5**. شاھادەت ئېيتقۇچى ئېيتقان شاھادىتىگە ئىخلاس قىلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

**ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا(يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە(بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار(يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر.**

www.uyghurkitap.com

——سۈرە«بەييىنە»(98 ـ سۈرە) ، 5 ـ ئايەت .

6 . شاھادەت ئېيتقۇچى ئېيتقان شاھادىتىگە مۇھەببەت باغلىشى كېرەك . ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

**بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىيلەرنى(يەنى بۇتلارنى) ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۇئمىنلەرنىڭ) ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ(يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار(قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى(دۇنيادا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى).**

——سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە) ، 165 ـ ئايەت .

يۇقىرىقى شەرتلەرگە تولۇق رىئايە قىلغان ھالدا شاھادەت كەلىمىسى ئېيتقان كىشى ئۇ شاھادەت ئارقىلىق جەننەتكە كىرىدۇ ، دوزاختىن قۇتۇلىدۇ . ناۋادا ئۇ كىشى ئېيتقان شاھادىتىدە مۇستەھكەم بولۇپ ناماز ، زاكات ، روزا قاتارلىق پەرز ئەمەللەرنى ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆتىيەلمىسە ھەم بۇ پەرز ئەمەللەرنى كۆڭلىدە ئىنكار قىلمىسا ، ئۇ كىشى كۇفرىغا نىسبەت بېرىلمەيدۇ ، چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ . ئۆلۈشتىن بۇرۇن قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ ، تەۋبە قىلسا ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل ئەتكۈچى ، گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغۇچى زاتتۇر .

بەش پەرزنىڭ ئىككىنچىسى ، دىنىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ناماز(بەش ۋاخ ناماز) ھىجرەتتىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا ئۆرلىتىلگەن مىئراج كېچىسىدە پەرز قىلىنغان . ”نامازنى بەرپا قىلىش“ دېگەنلىك بەش ۋاخ نامازنى پەرزلىرى ، ۋاجىبلىرى ، سۈننەتلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ، ناھايەت كەمتەرلىك ۋە ئېھتىرام بىلەن ۋۇجۇدىغا تەسىر پەيدا قىلغۇدەك دەرىجىدە ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىش دېمەكتۇر . شۇڭا ھەربىر ناماز ئوقۇغۇچى نامازنى ئوقۇپ قويۇشلا ئەمەس قانداق قىلغاندا ئۆزى ئوقۇغان نامازنى رۇس ، تولۇق ، جايىدا ئاللاھ رازى بولغۇدەك ئادا قىلىش جەھەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئىخلاس قىلىشى كېرەك . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە:”**ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى. كىمكى نامازنى جايىدا ئادا قىلىدىكەن دىنىنى بەرپا قىلغان بولىدۇ، كىمكى نامازنى تەرك ئېتىدىكەن دىنىنى ھالاك قىلغان بولىدۇ**“ دېگەن . تەلەپكە لايىق ئادا قىلىنغان ھەقىقىي نامازنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىغا تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى(يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى(تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن(يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ قىلىۋاتقان(ھەممە) ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.**

——سۈرە« ئەنكەبۇت»(29 ـ سۈرە) ، 45 ـ ئايەت

بەش پەرزنىڭ ئۈچىنچىسى ، نامازنىڭ جۈپتى ، مالى ئىبادەت بولغان زاكات بېرىش ھىجرىيە 2 ـ يىلى پەرز قىلىنغان . زاكات——تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن سىرت ، شەرىئەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ، ئۆلچەمگە توشىدىغان مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغان باي مۇسۇلمان يىل ئۆرۈلگەندىن كېيىن مەلۇم مىقدارنى پېقىر ، مىسكىن ، كەمبەغەل ، يوقسۇل ، قىيىنچىلىقى ئېغىر مۇستەھىق كىشىلەرگە بېرىش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدىغان پەرز ئەمەل . باي مۇسۇلمان بۇ پەرزنى ئادا قىلىش ئارقىلىق يوقسۇل كىشىلەرنى تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە قىلىش ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىناقلىق ، مېھرى ـ مۇھەببەت ئورنىتىش بىلەن بىرگە ئۆزىنى بېخىللىق ، پىخسىقلىق ، رەھىمسىزلىكدىن ئىبارەت يامان ئادەتتىن پاكلاش مەقسىتىگە ئېرىشىدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات بەرگۈچىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيادا مېلىغا بەرىكەت بېرىپ ، ئاللاھ يولىدا بىرنى بەرسە مىڭنى كۆپەيتىپ بېرىدىغانلىقى ، مال ـ دۇنياسىنى ھەر خىل بالايى ـ ئاپەتلەردىن ساقلايدىغانلىقى ، ئاخىرەتتە جەننەت ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن خۇش بېشارەتلەرنى بەرگەن . ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ يولىدا سەدىقە بەرگەن كىشىلەرنىڭ دۇنيادا مال ـ مۈلكىنىڭ كۆپىيىدىغانلىقى ، ئاخىرەتتە ساۋابىنىڭ ھەسسىلەپ

ئاشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېگىز چوققىدىكى بىر مول ھوسۇللۇق باغنى مىسال قىلىپ مۇنداق دېدى:

**ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش ۋە نەپسلىرىنى (سەدىقە-ئېھسانغا) ئادەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان (يەنى قايسى ھالدا بولسۇن مېۋە بېرىدىغان) بىر باغقا ئوخشايدۇ (دېمەك، بۇنداق خەيرى-ساخاۋەتلىك ئادەم مېلى كۆپ بولسا، كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا ئازغا يارىشا بېرىدۇ). ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.**

— سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، **265** ـ ئايەت

بەش پەرزنىڭ تۆتىنچىسى، ھەم مالىي ھەم جىسمانىي ئىبادەت بولغان ھەج ئەڭ توغرا رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ھىجرىيە **9** ـ يىلى پەرز قىلىنغان. ھەج قىلىش شەرت ـ شارائىتى توشقان كىشىلەرنىڭ ھەج ئايلىرىدا مەككە مۇكەررەمە شەھرىدىكى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ كېلىشى ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم پەرز قىلىنغان. ھەجنى ئۆلچەملىك ئادا قىلغانلارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دېگەن: **"كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ھەج قىلسا (ھەج مەزگىلىدە) جىنسىي ئالاقە قىلمىسا، گۇناھ ئىشلارنى قىلمىسا ئۇ كىشى ھەجدىن خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك گۇناھلىرىدىن پاك بولۇپ قايتىدۇ"** (بۇخارى توپلىغان).

بەش پەرزنىڭ بەشىنچىسى، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ھىجرىيە **2** ـ يىلى پەرز قىلىنغان. روزا تۇتۇش ھىجرىيە كالېندارى بويىچە **9** ـ ئايدا تولۇق بىر ئاي، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى تاڭ سۈزۈلگەندىن تارتىپ كۈن پاتقىچە يېمەك ـ ئىچمەكتىن، جىما (جىنسىي مۇناسىۋەت) دىن ئۆزىنى چەكلەش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتتۇر. رامىزان روزىسىنى تۇتۇش دېگەن سۆز "صوم (سەۋم)"، "رمضان (رامىزان)"دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن ياسالغان بىرىكمە سۆز بولۇپ، "صوم (سەۋم)" سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى "ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتتىن توختاش، ئۇنىڭ شەرئى مەنىسى مەخسۇس ۋاقىتتا مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتتىن توختاش" دېگەن بولىدۇ. "رمضان (رامىزان)" سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى "كۆيۈش، ئوت ئېلىش" دېگەن بولىدۇ. بۇ ئىبادەتنى مۇشۇنداق ئاتاشتىكى سەۋەبنى ئۆلىمالار مۇنداق شەرھىلىگەن: چۈنكى روزا تۇتقۇچىدا قورسىقى ئاچلىق، ئىسسىق كۈنلەردە روزا تۇتقانلىق سەۋەبىدىن كۆيۈش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ ئىبادەت ئارقىلىق گۇناھلار كۆيۈپ تۈگەيدۇ ياكى بۇ ئىبادەت ئارقىلىق ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ ھارارىتى ئۈزۈلىدۇ، شۇڭا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. دېمەك، بۇ ئىبادەت بەندىنى ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتتىن پەرىشتىلىك خۇسۇسىيەتكە كۆتۈرىدىغان، ئەجرى كۆپ، جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان ئۇلۇغ ئىبادەت.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:**

**1**. ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم ئۇلۇغ دىن ئىكەنلىكى.

**2**. ئىسلام دىنىنىڭ رۇكنلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى ۋە ئاساسى شاھادەت كەلىمىسى بولۇپ، شۇ ئارقىلىق بىر بەندىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئىسپاتلىنىدىغانلىقى.

**3**. شاھادەت كەلىمىسى ئارقىلىق قىلىنغان ھەرقانداق بىر ياخشى ئەمەل ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدىغانلىقى.

**4**. ھەدىستە ئىسلام دىنىدىكى ئەمەللەرنىڭ ئىچىدە كۈندە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتلەر، يىلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتلەر، ئۆمرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت بار.

**5**. شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىش دېگەنلىك ئىمانغا ئالاقىدار بارلىق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋەھيىگە ئىشىنىش، پەرىشتىگە، كىتابقا، قىيامەت كۈنىگە، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشنى لازىم تۇتىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرەم)

www.uyghurkitap.com






# ناماز ھەققىدە سوئال-جاۋابلار

ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا

**بسم الله الرحمن الرحيم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**1. نامازنىڭ لۇغەت مەنىسى نېمە؟ شەرىئەت مەنىسچۇ؟**

ج: ناماز ئەسلى پارس تىلىدىن ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، ئەرەبچە ”الصَّلَاةُ“ (سالات) دېيىلىدۇ. بۇ سۆز لۇغەتتە ”خەيرلىك بىلەن دۇئا قىلماق، ناماز ئوقۇماق، تەزىم قىلماق، قۇتلۇقلىماق، رەھمەت“ دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. شەرىئەتتە تەكبىر تەھرىمە بىلەن باشلىنىپ، سالام بېرىش بىلەن ئاخىرلىشىدىغان، مۇئەييەن ھەرىكەتلەر ۋە مۇئەييەن ئايەت ـ دۇئالار بىلەن تەرتىپلىك رەۋىشتە، خاس شەكىلدە ئادا قىلىنىدىغان جىسمانىي ۋە روھىي ئىبادەتنى كۆرسىتىدۇ.

**2. ناماز ھۆكۈم جەھەتتە قانچە قىسىم؟ ئۇلار قايسىلار؟**

ج: ناماز ھۆكۈم جەھەتتە ئۈچ قىسىم بولىدۇ:

**1)** پەرز. بۇ (ئىككى رەكئەت) بامدات، (تۆت رەكئەت) پېشىن، (تۆت رەكئەت) ئەسىر، (ئۈچ رەكئەت) شام، (تۆت رەكئەت) خۇپتەندىن ئىبارەت بەش ۋاخ نامازنى ۋە ئىككى رەكئەت جۈمە نامىزىنى، شۇنىڭدەك پەرز كىفايە بولغان جىنازە نامىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ **2)** ۋاجىب. بۇ، ئۈچ رەكئەت ۋىتىر نامىزى، ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلىدىغان ئىككى ھېيت نامىزى، شۇرۇ قىلىپ (باشلاپ) بولغاندىن كېيىن بۇزۇۋەتكەن نەپلە نامازلارنىڭ قازاسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ **3)** سۈننەت. بۇ مۇئەككەدە (تەكىتلەنگەن) ۋە مۇستەھەب (تەكىتلەنمىگەن) سۈننەت نامازلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈننەت نامازلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ”نەپلە

شەرىئەت ئەھكاملىرى

نامازلار'' دەپمۇ ئاتىلدۇ.

**3. ناماز قاچان، قەيەردە پەرز قىلىنغان؟ شەرئى دەلىلى نىمە؟**

ج:بەش ۋاخ ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن سەل بۇرۇن، يەنى مىلادىيە **622** ـ يىلى ئىسرا ـ مىئراج① كېچىسىدە پەرز قىلىنغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا بېكىتىلگەن ئىبادەتلەرنىڭ تۇنجىسى ھېسابلىنىدۇ. بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرزلىكى قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ۋە پۈتكۈل ئىسلام ئۇممەتلىرىنىڭ ئىجماسى بىلەن سابىت بولغان. ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە قۇرئان كەرىمدە مۇئمىنلەرگە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

**(بەش)نامازنى بولۇپمۇ ناماز دىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار(يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا(يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار.**

—سۈرە«بەقەرە»(**2** ـ سۈرە)، **238** ـ ئايەت

**نامازنى ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا يېپىشىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەددەتكار!**

—سۈرە«ھەج»(**22** ـ سۈرە) **78** ـ ئايەت

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:''**ئىسلام دىنى بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇ بولسىمۇ بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ شاھادەت ئېيتىشتىن، پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشتىن، زاكات بېرىشتىن، ھەج قىلىشتىن، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت''** (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

**4. نامازنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى قانداق؟**

ج: ناماز مەرىپەتۇللاھ(ئاللاھنى تونۇش، ئاللاھنى بىلىش)دىن كېيىنلا تۇرىدىغان، ئاللاھ تائالا تەرەپتىن بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنىڭ جېنى. بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەبۇبىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇلچىلىقىنى ئىزھار قىلىشىنىڭ، شۇنداقلا ئۆزىگە قىلغان خەير ـ ئېھسانلىرىنىڭ مۇقابىلىسىدە كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئۇلۇغلاش ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈش تۇيغۇسىنىڭ زاھىرەن ئىپادىلىنىشىدۇر. جانابىي ھەقنىڭ قىلغان ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن بىلدۈرگەن شۈكۈرانىسى، جالالەت ئىگىسى بولغان رەببى تائالانىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇقىغا نىسبەتەن ئىپادىلىگەن مەدھىيىسى، ھەممىگە قادىر ئاللاھتىن رەھمەت تىلەپ يالۋۇرۇشىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن)ياردەم تىلەڭلار.**

—سۈرە«بەقەرە»(**2** ـ سۈرە)**45** ـ ئايەت

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناماز ئىنساننىڭ ئاللاھنى زىكرى قىلىش ۋەسىلىغا يېتىپ، قەلبى راھەتكە نائىل بولىشىدىكى نۇرلۇق يول ۋە قەلبىنى پاكلاشتىكى ھەقىقىي ئۇنۇملۇك ۋاستىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**مەن ھەقىقەتەن(ئىبادەتكە لايىق) ئاللاھدۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد(بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن.**

—سۈرە«تاھا»(**20** ـ سۈرە)، **14** ـ ئايەت

ناماز ئوقۇش بەندىلەرنىڭ ئۆز خالىقى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا تاپشۇرغان مۇقەددەس ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇكەممەل شەكلىدۇر. ناماز جەريانىدا ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ھەممە ئەزالار ياراتقۇچى پەرۋەردىگار تائالانىڭ ئىبادەتىنى بېجىرىش پۇرسىتى ۋە بەختىيارلىق ھۇزۇرىغا چۆمىدۇ. خۇسۇسەن، ئىنساننىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرى ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىپ، بەندىلىكنىڭ راھىتى ۋە ھۇزۇرى بىلەن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەزان ئېيتىشقا بۇيرۇپ: ''**ئى بىلال، بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىنە**'' دەيتتى. ناماز ئوقۇۋاتقان مۇئمىن ناماز جەريانىدا يېگانە مەئبۇد بولغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش، ئۇلۇغلاش، مەدھىيىلەش، نىدا قىلىش ۋە شاھادەت ئېيتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا تەلپۈنىدۇ، نىجاتلىق

①ئىسرا — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە تۇرۇپ بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ كەلگەنلىكى، مىئراج — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ كېچىدە ئاسمانغا چىقىپ، روھى ئالەم بىلەن تونۇشۇپ قايتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تىلەيدۇ.

نامازدىكى قىيامدا تۇرۇش بىچارە بەندىنىڭ ئۆزىنىڭ جالالەتلىك ۋە ئۇلۇغ رەببى ئالدىدا، پەرمانبەردارلىق ۋە ئۇلۇغلاش تۇيغۇسى ئىچىدە مۇتلەق باش ئېگىپ تۇرۇشىدىن ئىبارەتتۇر؛ قىرائەت بولسا، شۇ ھالدا ئاللاھ ئەززە ۋە جەللەنىڭ مۇبارەك كالامىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئۇ زاتقا مۇناجات ئەيلەپ، ياراتقۇچى سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ دەرگاھىغا يېقىنلىشىشنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر؛ رۇكۇ(ئېگىلىش)بولسا، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ھەيۋىتى ۋە جالالىتى ئالدىدا بەندىنىڭ بىچارىلەرچە بويۇن ئېگىشىدۇر؛ يەنە قىيامدا تۇرۇش ھالىتىگە كېلىش بولسا، ئۆزىنىڭ بويسۇنغۇچى، نىجاتلىققا موھتاج بولغۇچى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ مۇكەممەل ھالدا ئىپادىلەپ، رۇكۇ نېمىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا تېخىمۇ قايىللىقىنى ئىپادىلەشتۇر؛ سەجدە قىلىش بولسا، مۇئمىننىڭ ئەڭ شاراپەتلىك ئەزاسى بولغان يۈزىنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇپراققا قويۇپ، قەلبى مىسكىن، ۋۇجۇدى ئاجىز، پۈتكۈل بەدەن ئەزالىرى بويسۇنۇش ۋە بويۇن ئېگىش تۇيغۇسىغا چۆمگەن ھالدا، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتۇر؛ سەجدە ئارىلىقىدىكى ئولتۇرۇش بولسا، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھى ئالدىدا، مەرھەمەت ۋە رەھمەت كۈتۈشتۇر؛ ئارقىمۇئارقا ئىككى قېتىم سەجدە قىلىش بولسا دەسلەپكى سەجدىدە ئىپادىلەنگەن بەندىلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەندۈرۈشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى(شۇنداق مۇئمىنلەركى)ئۇلار نامازلىرىدا(ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن)ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر.**

ـــسۈرە«مۇئمىنۇن»(**23** ـ سۈرە)، **1**ــ**2** ـ ئايەتلەر

نامازخان يۇقىرىقىلارنى بىر دىل، بىر نىيەت بىلەن ئىپادىلەپ، ئاندىن ئولتۇرۇپ پەرۋەردىگارىغا، پەيغەمبىرىگە، پاك ـ سالىھلارغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ، دۇرۇت ـ سالام يوللايدۇ، ئاندىن ئاللاھدىن مەغپىرەت تىلەپ، مەرھەمەت قىلىشىنى سوراپ ئىبادەت ئالىمىدىن تىرىكچىلىك دۇنياسىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئىككى يېنىدىكى پەرىشتە كىراملارغا، يارۇبۇرادەرلىرىگە سالام بېرىپ بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىبادەتنى تاماملايدۇ. ھەر كۈنى بەش قېتىم پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاللاھقا يۈزلەندۈرۈپ، ھېكمەتلەرنىڭ ئىچىگە چۆمۈپ، ئۆزىنىڭ ئاجىز ۋە موھتاجلىقىنى ئىزھار قىلىپ، بەندىلىك ۋەزىپىسىنى سەممىيەت بىلەن ئادا قىلغان مۇئمىن ناشايان ئىشقا ئالدىراپ قەدەم باسمايدۇ، چۈنكى ئۇ ناماز ئارقىلىق ئاللاھقا دىل بايان ئەيلەپ، شۈكۈر ۋە دۇئا ـ تەلەپ قىلىپ، تەقۋالىقنى كۈچلەندۈردۇ. شەيتاننىڭ دۈشمەنلىكىدىن، نەپسىنىڭ ئازغۇنلۇقىدىن ئاگاھ بولىدۇ؛ نەتىجىدە نامىزى ئۇنى يامان نىيەت، گۇناھ قىلمىشلاردىن چەكلەيدۇ. ئىنسان ھەر كۈنى بەش قېتىم ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسا، ئاگاھلىق ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىدۇ ـ دە، مانا شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئېيتقان:‟**ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ**‟{سۈرە«ئەنكەبۇت»(**29** ـ سۈرە)، **45** ـ ئايەت} دېگەن ئايەتنىڭ شاراپىتى مەيدانغا كېلىدۇ.

ئەپسۇسكى، نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئەھلىنىڭ ئوقۇغان نامازلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھېكمەتلەردىن غاپىل قالغاچقا، ناماز ئىبادىتى بىر قاتار ھەرىكەتلەر ۋە سۆزلەر جانسىز، ماھىيەتسىز تەكرارلىنىدىغان، رەسمىيەتچىلىك ۋە تەقلىدچىلىك بىلەن قىلىنىدىغان ئەمەلگە ئايلىنىپ قالماقتا. روھسىزلىق، سەممىيەتسىزلىك، شەكىلۋازلىق بىلەن ئوقۇلىدىغان ناماز نامازخانلارنى ناشايان ئىشلاردىن توسالمايدۇ ۋە ئۇلارنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئىسلاھ قىلالمايدۇ. بۇنداق غەپلەت بىلەن ناماز ئوقۇيدىغانلارنى ئاللاھ تائالا:‟**شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ**‟{سۈرە«مائۇن»(**107** ـ سۈرە)، **4**ــ**5** ـ ئايەتلەر} دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن. شۇڭا نامازدىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئىبادەتنى بەجا كەلتۈرۈشتە، ئۇنى خۇددى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئۇدۇم، رەسىم ـ قائىدە بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئوقۇۋاتقاندەك، ياكى ئۇ گويا زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئالۋاڭدەك قىلىپ بېجىرىدىغانلار، نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قايسى رەكئەتتە قايسى ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى پاك ـ

پـاكىز ئۈنتـۈپ قالـدىغانلار، نامـازدىكى مـاھىيەت، سـىر ـ ھـېكمەتلەر ئۈسـتىدە ئوبـدان مـۇلاھىزە قىلىشىمىز لازىم.

**5.بەش ۋاخ نامازنىـڭ دىنىمىزدىكـى ھـۆكمى نېمە؟**

ج: بەش ۋاخ ناماز ئىسلام ئەركانلىرىنىڭ بىرى. ئۇ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى ۋە مۇسـۇلمانلار قىلىـشقا تېگـىشلىك بولغـان بـارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسى گەۋدىسى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچـۈن ئەڭ مـۇھىم، ئەڭ ئەھمىيەتلىـك كاتتـا ئىبـادەتتۇر. كـۆپ سـانلىق ئۆلىمـالار" نامازنىـڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلىـپ، نامـازنى تەرك ئېتىـشنى ھالال سـانىغان كـىشى ئىمانـدىن ئاجرايـدۇ؛ ئەممـا نامازغا سـەل قـاراپ يـاكى ھۇرۇنلـۇق قىلىـپ تەرك ئەتسە پاسىق بولـۇپ، ئىمانـدىن ئاجرىمايـدۇ" دەپ قارايدۇ.

**6.نامـــاز پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالامنىڭ ئۈممىتىگىلا خاس قىلىنغان ئىبادەتمۇ؟**

ج:ناماز تولىمۇ قەدىم، تارىخى ئىبادەت شـەكلى بولۇپ، ئۇ بۇنـدىن بـۇرۇن ئـاللاھ تائـالا تەرىپىـدىن دۇنياغا كەلگەن ھەممە دىنلاردا مۇقەددەس ئىبادەتلەر قاتارىدا سانىلىپ كەلگەن بىـر خـىل دىنـي تـۈزۈم. ئـاللاھ تائـالا مۇسـا ئەلەيھىسـسالامغا نامـازنى ئـادا قىلىشقا ۋە ئەھلىنى نامازغا بۇيرۇشـقا ئەمـر قىلىـپ مۇنداق دەيدۇ:

**بىز مۇسا بىـلەن ئۇنىـڭ قېرىندىـشىغا:"قەۋمىڭـلار ئۈچۈن مىسىردا ئـۆي ياسـاڭلار، ئـۆيلىرىڭلارنى نامـاز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، مـۇئمىنلەرگە خۇش خەۋەر بېرىڭلار" دەپ ۋەھيى قىلدۇق.**

ـــسۈرە «يۇنۇس»(**10** ـ سۈرە)، **87** ـ ئايەت

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ناماز ۋە زاكاتنى بۇيرۇغانلىقىنى زىكرى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى. ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامـازنى، زاكـاتنى ئـادا قىلىـشنى تەۋسىيە قىلدى.**

ـــسۈرە «مەريەم»(**19** ـ سۈرە)، **31** ـ ئايەت

لوقمان ھەكىم ئوغلىغا نامـازنى ئـادا قىلىـش ۋە باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ھەققىدە تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

**ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى(ۋاقتىدا تەئدىل ئەركـان بىـلەن)ئوقـۇغىن، (كىـشىلەرنى) ياخـشىلىققا بـۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتـكەن كـۈلپەتلەرگە سـەۋر قىلغىـن، بـۇ ھەقىـقەتەن قىلىـشقا ئىـرادە تىكلەشـكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.**

ـــسۈرە «لوقمان»(**31** ـ سۈرە)، **17** ـ ئايەت

دېمەك، ئىلگىرى ئۈممەتلەردە نامـاز ھەرخـىل شەكىلدە مەۋجۇت بولغان. مىئراج كېچىسى نامازنىڭ ئەڭ ئـاخىرقى، تولـۇق ۋە ئىـسلامىي شـەكلى پەرز قىلىنغان.

**7. بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرز بولـۇش شـەرتلىرى قايسىلار؟**

ج:**1**)مۇسـۇلمان بولۇشـى كېـرەك؛ **2**)بـالاغەتكە يەتكەن بولۇشى كېـرەك؛ **3**)ئاقـىل بولۇشـى كېـرەك. ھەزرىتـى ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**"ئۈچ تۈرلۈك ئادەمدىن — سەبىيلەر بالاغەتكە يەتكۈچە، سـاراڭلار سـاراڭلىقتىن قۇتـۇلغىچە، ئۇيقـۇدىكى ئـادەم ئويغـانغىچە — ئۇلارنىـڭ قىلغـان ئەمەللىرىـدىن ھېساب ئېلىنمايدۇ"** (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

**8.نامازنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىـشىش ۋاقتـى قانداق؟**

ج: نامـاز ۋاقتىنىـڭ كىرىـشى نامازنىـڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرىدىن بولـۇپ، ۋاقتىـدىن بـۇرۇن ئـادا قىلىنسا ناماز دۇرۇس بولمايدۇ. ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى.**

ـــسۈرە «نىسا»(**4** ـ سۈرە)، **103** ـ ئايەت

**1**)پېشىن نامىزى. كۈن قىيسايغاندىن تارتىپ، نەرسىنىڭ سايىـسى ئۆزىنىـڭ ئىككـى ھەسسـىسىگە كەلگەنـگە قەدەر بولىـدۇ. بـۇ ئىمـام ئەزەم ئەبـۇ ھەنىفەنىڭ تەشەببۇسى. ئىككى شاگىرتى بولغان ئەبۇ يۈسـۈف ۋە مـۇھەممەد رەھىمەھۇمۇللاھنىـڭ تەشەببۇسى، كۈن قىيسايغاندىن تارتىپ، نەرسىنىڭ سايىـسى ئۆزىـدىن بىـر ھەسـسە چوڭايغانغـا قەدەر بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**(ئى مۇھەممەد!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ**

**قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر ناماز ئوقۇغىن.**
ـــسۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17 ـ سۈرە)، 78 ـ ئايەت (بۇ ئايەتتە پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن نامازلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

يازدا بولۇپمۇ تومۇز كۈنلىرىدە پېشىن نامىزىنى كۈن سەل سوۋۇغانغا قەدەر كېچىكتۈرۈش(يەنى چۈشنىڭ ئاپتىپى سەل يانغاندا ئوقۇش) مۇستەھەب بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ھاۋا بەك ئىسسىق كۈنلەردە پېشىن نامىزىنى سەل كېچىكتۈرۈپ، ھاۋا سالقىنلىغاندا ئوقۇڭلار، كۈچلۈك ئىسسىقلىق دوزاختىن ھورلىنىپ چىقىدۇ"** (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

قىش ۋە ئەتىياز كۈنلىرىدە پېشىن نامىزىنى بالدۇرراق، ۋاقتىدا ئوقۇش مۇستەھەب بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئەگەر كىشىلەر پېشىن نامىزىنى ئالدىنقى ۋاقتىدا ئوقۇغانىنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئۇنىڭغا ئالدىرىشاتتى"**(بۇخارى توپلىغان).

**2)** ئەسىر(يەنى دىگەر) نامىزى. پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرغۇچە بولىدۇ. قىش، ياز كۈنلىرى ئەسىر نامىزىنى قۇياش نۇرى كۆزنى قاماشتۇرمىغىدەك ھالدىن بۇرۇن ئوقۇغان ياخشى(قۇياش نۇرى كۆزنى قاماشتۇرمىغىدەك ھال دېگەنلىك، قۇياشقا قارىغاندا كۆزنى چاقناتمىغۇدەك ھالەتنى كۆرسىتىدۇ). رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: **"بىز رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ ئەسىر نامىزى ئوقۇدۇق. نامازدىن كېيىن بىز بىر تۆگىنى سويۇپ ئۇنى ئون پارچىغا بۆلدۇق ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى شۇ گۆشتىن پىشۇرۇپ بىر پارچىدىن يېيەلىدۇق"** (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

ئەسىر نامىزنى قۇياش سارغايغىچە ياكى قۇياشنىڭ رەڭگى ئۆزگەرگىچە كېچىكتۈرۈش مەكروھ تەھرىمە بولىدۇ. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مانا بۇ مۇناپىقلارنىڭ نامىزىدۇر، مانا بۇ مۇناپىقلارنىڭ نامىزىدۇر، مانا بۇ مۇناپىقلارنىڭ نامىزىدۇر، يەنى ئۇلارنىڭ بىرى كۈن پېتىشقا ئاز قالغۇچە ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئالدىراپ-تېنەپ تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ، نامىزىدا ئاللاھنى ناھايىتى ئاز ياد ئېتىدۇ"** (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

ھاۋا بۇلۇتلۇق كۈنلىرى ئەسىر نامىزىنى بالدۇرراق ئوقۇش مۇستەھەب بولىدۇ. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر جەڭدە ئىدۇق، ئۇ زات بىزگە: **"بۇلۇتلۇق كۈنلەردە ئەسىر نامىزىنى بالدۇرراق ئوقۇڭلار، ئەسىر نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان كىشىنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ(يەنى ياخشى ئەمەللىرىگە ساۋاب بېرىلمەيدۇ)** دېدى"(ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

**3)** شام نامىزى. ۋاقتى كۈن ئولتۇرغاندىن تارتىپ، كەچكى شەپەق يوقالغۇچە بولىدۇ. ياز، قىش كۈنلىرى شام نامىزىنى تېزراق، بالدۇر ئوقۇش مۇستەھەب بولىدۇ. رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: **"بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن شام نامىزنى ئوقۇيتتۇق، ئۇيگە قايتقاندا ئاتقان ئوقنىڭ چۈشكەن جايىنى كۆرگىلى بولاتتى"**(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

**4)** خۇپتەن ۋە ۋىتىر نامىزى

ۋاقتى كەچكى شەپەق يوقالغاندىن تارتىپ ئەتىسى تاڭ ئاتقىچە بولىدۇ. خۇپتەننى مۇمكىن بولسا كېچىنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچتىن بىرىگىچىلىك كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئەگەر مەن ئۇممەتلىرىمگە قىيىنچىلىق بولۇپ قالمىسۇن دېمىسەم، ئۇلارنى خۇپتەننى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىچىلىك ياكى يېرىمىغىچىلىك كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا بۇيرۇغان بولاتتىم"** (تىرمىزى توپلىغان).

ۋىتىر نامىزنى ئەڭ ياخشىسى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوقۇغان ياخشى. ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتلا بولىدىكەنمەن ماڭا ئۈچ ئىشنى تەرك قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلار: **"ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، چاشگاھ نامىزى ئوقۇش ۋە ۋىتىر ئوقۇماي تۇرۇپ ئۇخلىماسلىقلاردىن ئىبارەت"** دەيدۇ(مۇسلىم توپلىغان).

كەچكى شەپەق:

كۈن ئولتۇرغاندا غەرب ئاسمىنىدا قىزىل نۇر جۇلالىنىدۇ. بۇ قىزىل نۇر تەخمىنەن **40** مىنۇت ئەتراپىدا ئاستا ـ ئاستا يوقىلىدۇ، كېيىن ئاق جۇلا كۆرۈنىدۇ. مۇشۇ ھادىسە كەچكى شەپەق دېيىلىدۇ. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ تەشەببۇسى بويىچە بولغاندا، قىزىل جۇلادىن كېيىن ئاق جۇلا كۆرۈنۈپ، ئاق جۇلا تۈگىگەن چاغ شام نامىزىنىڭ ۋاقتى ئاخىرلىشىپ، خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى باشلانغان بولىدۇ. ئىمام ئەبۇ يۈسۈپ ۋە مۇھەممەد رەھمەھۇماللاھلارمۇ كەچكى شەپەق دېگەنلىك قىزىل جۇلانى كۆرسىتىدۇ، ئەگەر قىزىل جۇلانى كۆرگىلى بولمىسا، نامازشامنىڭ ۋاقتى ئاخىرلىشىپ، خۇپتەننىڭ ۋاقتى باشلانغان بولىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ.

**5**)بامدات نامىزى. ۋاقتى ئىككىنچى قېتىم تاڭ سۇزۇلگەندىن تارتىپ كۈن چىققۇچە بولىدۇ. كېچە ئاخىرلىشاي دېگەندە، شەرققە قارىسىڭىز تىك تۇۋرۇكسىمان يورۇقلۇقنى كۆرىسىز، ۋاقىتنىڭ سەل ئۆتۈشى بىلەن ئۇپۇقنى يەنە قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ، مۇشۇ يورۇقلۇق بىرىنچى قېتىملىق تاڭ سۇزۇلۇش(مەۋھۇم يورۇقلۇق، تىك سۇزۇلۇش) دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇپۇقتا توغرىسىغا يورۇقلۇق كۆرۈنىدۇ ھەمدە يورۇقلۇق دەرىجىسى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، بۇ يورۇقلۇق ئىككىنچى قېتىم تاڭ سۇزۇلۇش(ھەقىقىي تاڭ يورۇش، سەھەر، توغرىسىغا سوزۇلۇش) دېيىلىدۇ. بامدات نامىزىنى تاڭ ئوبدانراق يورۇغاندا ئوقۇش مۇستەھەب بولىدۇ. يەنى تۆت ئەتراپ سۇزۇلگەندە نامازنى باشلاپ، سۈننەت بويىچە ئۇزۇنراق سۈرە ئوقۇش، نامازنى ئوقۇپ بولغاندا، يەنە ئازراق ۋاقىت ئېشىشى كېرەك(ناماز داۋامىدا تاھارىتى سۇنۇپ كەتسە، يېڭىۋاشتىن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشقا يەتكۈدەك ھەم سۈننەت بويىچە ئۇزۇنراق سۈرە بىلەن نامازنى تاماملىغۇدەك ۋاقىت چىقىشى لازىم). بامدات نامىزىنى تاڭنى ئاقارتىپراق ئوقۇشتىكى ھېكمەت: بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ جامائەت نامىزىغا ئۈلگۈرۈۋېلىشى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستىكى كاتتا ساۋابقا ئېرىشىشىنىڭ تېخىمۇ ئاسان بولۇشى ئۈچۈندۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:"**كىمكى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، ئاندىن كۈن چىققۇچە ئولتۇرۇپ ئاللاھقا زىكرى-تەسبىھ ئېيتىپ، كۈن چىققاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت (زۇھا) نامىزى ئوقۇپ قايتسا ئۇ كىشى ئۈچۈن مۇكەممەل بىر پەرز ھەج ۋە بىر ئۆمرە ھەج قىلغاننىڭ ئەجرى بولىدۇ**"(تىرمىزى توپلىغان).

**9. قانداق ۋاقىتلاردا پەرز ناماز ئوقۇش چەكلىنىدۇ؟**

ج: تۆۋەندىكى ئۈچ ۋاقىتتا پەرز ناماز ئوقۇش چەكلىنىدۇ:**1**) كۈن چىقىۋاتقاندا؛ **2**)كۈن ئولتۇرۇۋاتقاندا؛ **3**)چىڭقى چۈشتە(يەنى كۈن تىكلەشكەندە)؛ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى تۆۋەندىكى ئۈچ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشتىن ۋە ياكى مېيىتلىرىمىزنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن توسقانىدى. ئۇلار: قۇياش چىقىۋاتقاندا ھەتتا كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر. كۈن تىكلەشكەندە ھەتتا قىيسايغانغا قەدەر. كۈن ئولتۇرۇۋاتقاندا ھەتتا ئولتۇرۇپ بولغانغا قەدەر**" (مۇسلىم توپلىغان).

بۇ ۋاقىتلاردا پەرز ناماز ئوقۇش چەكلىنىش بىلەن بىرگە سۈننەت، نەپلە نامازلارنى ئوقۇشمۇ چەكلىنىدۇ.

**10. كۈن پېتىۋاتقاندا شۇ كۈننىڭ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇسا بولامدۇ؟**

ج: ئوقۇسا بولىدۇ. ئەمما نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن مەكروھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئەسىر نامىزىنىڭ بىر رەكئىتىنى ئوقۇۋالسا، ئۇ كىشى ئەسىر نامىزىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. كىمكى كۈن چىقىشتىن بۇرۇن بامداتنىڭ بىر رەكئىتىنى ئوقۇۋالسا، ئۇ كىشى بامدات نامىزىنى ئادا قىلغان بولىدۇ**"(مۇسلىم توپلىغان).

**11. قانداق ۋاقىتلاردا نەپلە ناماز ئوقۇش مەكروھ سانىلىدۇ؟**

ج: **1**)پەرز ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلاردا

www.uyghurkitap.com

نەپلە ناماز ئوقۇش مەكروھ بولىدۇ؛ 2)ئىككىنچى قېتىم تاڭ سۈزۈلۈشتىن كېيىن كۈن چىققانغا قەدەر بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدىن باشقا نەپلە نامازلارنى ئوقۇش مەكروھ. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ھازىر بولغىنىڭلار يوقلارغا يەتكۈزۈپ قويسۇنكى، تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدىن باشقا ناماز ئوقۇلمايدۇ**"(بەيھەقى توپلىغان)؛ 3)ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كۈن ئولتۇرغىچە نەپلە ناماز ئوقۇش مەكروھ. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كۈن ئولتۇرغىچە ناماز ئوقۇلمايدۇ، بامدات نامىزىدىن كېيىن كۈن چىققۇچە ناماز ئوقۇلمايدۇ**"(مۇسلىم توپلىغان)؛ 4) جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئېيتىلغاندا نەپلە ناماز ئوقۇش مەكروھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**پەرز نامازغا تەكبىر ئېيتىلغان چاغدا پەرز نامازدىن باشقا ناماز ئوقۇلمايدۇ**"(مۇسلىم توپلىغان). ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ئېيتىدۇ:"بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى پەرز باشلىنىپ بىرىنچى رەكئەت ئاخىرلاشقىچە ئوقۇپ بولۇشقا كۆزى يەتسە، سۈننەتنى بۇرۇن ئوقۇسا بولىدۇ". پەرز ناماز ئوقۇلۇۋاتقاندا نەپلە ناماز ئوقۇشتىن چەكلەشتىكى ھېكمەت: بىرىنچىدىن، پەرزنىڭ تولۇقلىقىنى ساقلاش؛ ئىككىنچىدىن، ئىمام بىلەن جامائەت ئارىسىدا بىردەكلىك بولۇشى ئۈچۈن بىرىنچى تەكبىرگە ئۈلگۈرۈش؛ 5)ئۆيدە ياكى مەسچىتتە بولسۇن ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن نەپلە ناماز ئوقۇش مەكروھ. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:"**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربان ھېيت ياكى روزى ھېيت نامىزىغا چىقتى، ھېيت نامىزىنىڭ ئالدى-كەينىدە نەپلە ناماز ئوقۇمىدى**" (مۇسلىم توپلىغان)؛ 6)ناماز ۋاقتى چىقىپ كېتىدىغان ياكى بەك كېچىكىپ كېتىدىغان ئەھۋالدا نەپلە ناماز ئوقۇش مەكروھ.

**12. ئادا دېگەن نېمە؟ قازا دېگەنچۇ؟**

ج: پەرز نامازنى شەرئىيەت بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ئوقۇش"ئادا" دېيىلىدۇ. بۇ جامائەت بىلەن ئادا قىلىنغان بولسا"ئادائى كامىل" يەنى مۇكەممەل ئادا قىلىش بولىدۇ. ئۆزى يالغۇز ئادا قىلغان بولسا "ئادائى قاسىر" يەنى نۇقسان بىلەن ئادا قىلىش بولىدۇ. پەرز نامازنى شەرئىيەت بەلگىلىگەن ۋاقتى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوقۇش قازا دېيىلىدۇ. نامازنى ئىما ـ ئىشارەت ئارقىلىقمۇ ئادا قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى قورقۇش، ئىختىيارسىز ئۇخلاپ قېلىش، ئېسىدىن چىقىپ قېلىش، غەپلەت بېسىپ قېلىش قاتارلىق ئۆزرىلەر بولماي تۇرۇپ، نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن چىقىرىپ ئوقۇش گۇناھى كەبىر بولۇپ، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇماي تەرك ئەتكەنلىك گۇناھى بولسا قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇش بىلەن ساقىت بولىدۇ. نامازنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىغا چىن، سەمىمىي تەۋبە قىلىش لازىم. بۇرەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇمىسا ئۇنىڭ ئەملى يوققا چىقىرىلىدۇ**"(بۇخارى توپلىغان).

ئەمما يۇقىرىقى ئۆزرىلەر سەۋەبلىك نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىگە گۇناھ يېزىلمايدۇ، چوقۇم نامازنىڭ قازاسىنى تولۇقلايدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى نامازنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن ئېسىگە كەلگەندە ئوقۇسۇن، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا شۇ نامازنى ئوقۇمىغانلىق خاتالىقىنى تۈزەتكىلى بولىدۇ. قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: 'مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن'**{سۈرە«تاھا»(20 ـ سۈرە)، 14 ـ ئايەت} (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

**13. نەپلە نامازلارنىڭ قازاسى تولۇقلاپ ئوقۇلامدۇ؟**

ج:سۈننەت ـ نەپلە نامازلارنىڭ قازاسى تولۇقلاپ ئوقۇلمايدۇ. ئەمما بامدات نامىزنى ۋاقتىدا ئوقۇمىغان كىشى شۇ كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال بامدات نامىزىنىڭ قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇغان بولسا، پەرز بىلەن قوشۇپ سۈننەتنىڭ قازاسىنىمۇ ئوقۇيدۇ. ئەگەر كۈن قايرىلغاندىن كېيىن، يەنى پېشىننىڭ ۋاقتى

كىرگەندىن كېيىن بامداتنىڭ قازاسىنى ئوقۇغان بولسا، پەرزنىڭ قازاسىنىلا ئوقۇسا بولىدۇ، سۈننەتنى ئوقۇمايدۇ. پېشىننىڭ پەرزنى جامائەتكە ئەگىشىپ ئوقۇپ، ئالدىدىكى تۆت رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇمىغان كىشى پېشىننىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتمىگەن بولسا، پېشىن نامىزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن بۇ تۆت رەكئەت سۈننەتنىڭ قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇيدۇ. پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ.

**14. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نامازنىڭ قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇش ئۇسۇلى قانداق؟**

ج: بۇنىڭدا قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇيدىغان نامازلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەرتىپكە ۋە قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇيدىغان نامازلار بىلەن ۋاقتىدا ئوقۇلماقچى بولغان ناماز ئوتتۇرىسىدىكى تەرتىپكە چوقۇم رىئايە قىلىش كېرەك. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”**خەندەك غازىتى بولغان كۈنى مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۆت ۋاخ نامازدىن مەھرۇم قىلدى. كېچىدىن ئاللاھ خالىغان ۋاقىت ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلالنى بۇيرۇۋىدى، ئەزان ئېيتتى. ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ پېشىننى ئوقۇدى، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ ناماز شامنى ئوقۇدى، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ خۇپتەننى ئوقۇدى**“ (تىرمىزى توپلىغان).

دېمەك، ئالتە ۋاقىتتىن كەم نامازنى قازا قىلغۇچى ۋاقتى كەلگەن نامازنى ۋە قازا نامازنى ئوقۇغاندا تەرتىپ بويىچە ئوقۇش زۆرۈر، يەنى قازا نامىزنى تولۇقلاپ ئوقۇماي تۇرۇپ، ۋاقتى كەلگەن نامازنى ئوقۇسا بولمايدۇ. مەسىلەن، پېشىن نامىزىنى ئوقۇمىغان كىشى ئەسىر نامىزىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇۋېتىپ ئاندىن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيدۇ.

**15. نامازنىڭ قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇشتا قانداق سەۋەبلەر نامازلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرتىپنى ساقىت قىلىدۇ؟**

ج: تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالدا نامازلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرتىپ ساقىت بولىدۇ:

**1)** ۋىتىر نامىزىنى ھېسابلىمىغاندا قازا بولغان ناماز ئالتە ۋاخقا يەتسە، قايسى نامازنىڭ قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ، تەرتىپ شەرت قىلىنمايدۇ؛ **2)** قازا نامىزنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ۋاقتى كەلگەن نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قازا ئېسىگە كېلىپ قالسا ئوقۇپ بولغان نامازنى يېڭىۋاشتىن ئوقۇمايدۇ. ئەمما ئوقۇۋاتقاندا ئېسىگە كېلىپ قالسا، ئۇ نامازنى تامام قىلىپ بولۇپ، قازا نامىزنى ئوقۇپ، ئاندىن يېڭىۋاشتىن ۋاقتى كەلگەن نامازنى قايتا ئوقۇيدۇ؛ **3)** ۋاقىت قىستاپ قالغاندا، مەسىلەن، ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا، كۈن چىقاي دەپ قالغان بولسا شۇنداقلا ئۆزىنىڭ خۇپتەن ۋە ۋىتىر نامازلارنى ئوقۇمىغىنى ئېسىدە بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئاۋۋال بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، كۈن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن خۇپتەن ۋە ۋىتىر نامىزىنىڭ قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇسا بولىدۇ. بامداتنى يېڭىۋاشتىن ئوقۇش ھاجەتسىز. چۈنكى ۋاقىت يار بەرمەيدۇ، شۇڭا تەرتىپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

**16. نامازنىڭ قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نامازنىڭ قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇش ۋاجىب. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**نامازنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى ئېسىگە كەلگەندە ئوقۇسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا شۇ نامازنى ئوقۇمىغانلىق خاتالىقىنى تۈزەتكىلى بولىدۇ. قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن:** ’**مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن**‘{سۈرە «تاھا»(**20** ـ سۈرە)، **14** ـ ئايەت“(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

ئەگەر ئوقۇيالمىغان ناماز بەك كۆپ بولسا، شارائىتى يار بېرىشىچە قازاسىنى تولۇقلاپ، ئاللاھقا تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىش كېرەك.

**17. قانداق نامازلارنىڭ قازاسى ئوقۇلمايدۇ؟**

ج: ئىككى ھېيت، جۈمە ۋە مېيىت نامازلىرىنىڭ شۇنىڭدەك ئايالللارنىڭ ھەيز، نىپاسلىق مۇددىتىدە ئوقۇمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ (تولۇقلاپ ئوقۇلمايدۇ).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ”**بىز**

uyghurkitap.com

هەيز كۆرۈپ قالاتتۇق، ئاندىن پاك بولغاندا روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇشقا بۇيرۇلاتتۇق، نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلمايتتۇق“ (مۇسلىم توپلىغان).

شۇنىڭدەك مەجنۇن، بىھوش ئادەملەر ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن نامازنىڭ قازاسىنى تولۇقلاپ ئوقۇمايدۇ.

**18. نامازنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى قايسىلار؟**

ج: نامازنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەر بولۇپ، بۇلاردىن بىرەرسىنى قەستەن ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ تەرك ئەتسە ناماز دۇرۇس بولمايدۇ، قايتا ئوقۇلىدۇ.

1) ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ تاھارەت ئېلىشى شەرت. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئى مۆئمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)......**

——سۈرە «مائىدە» (5 ـ سۈرە)، 6 ـ ئايەت

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”تاھارەتسىز ئوقۇلغان ناماز قوبۇل قىلىنمايدۇ“** (مۇسلىم توپلىغان).

2) ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ بەدىنى پاك بولۇشى شەرت. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ھۇبەيشنىڭ قىزى فاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەندىن ھەيز توختىمايۋاتىدۇ، پاكىزلىنالمىدىم، ناماز ئوقۇسام بولامدۇ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”بولمايدۇ، ئۇ ھەيز ئەمەس، تومۇردىكى قان، ئەگەر ھەيز مەزگىلى باشلىنىپ ھەيز كەلسە ناماز ئوقۇمىغىن، ھەيز توختىسا بەدىنىڭدىكى قاننى يۇيۇۋېتىپ ناماز ئوقۇغىن، تاكى كېيىنكى ھەيز مەزگىلىگىچە ھەر نامازغا بىر قېتىم تاھارەت ئالغىن“** دېگەن (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

3) ئەۋرەتنى ياپقۇدەك پاك كىيىملەرنى كىيىش شەرت. ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دەيدۇ:

**ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرىتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار.**

——سۈرە «ئەئراف» (7 ـ سۈرە)، 31 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**كىيىمىڭنى پاك تۇت.**

——سۈرە «مۇددەسسىر» (74 ـ سۈرە)، 4 ـ ئايەت

ئەۋرەت ئەرلەرگە نىسبەتەن كىندىكىنىڭ تۆۋىنىدىن تىزىغىچە بولۇپ، تىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”تىزمۇ ئەۋرەت سانىلىدۇ“** (دارىقۇتنى توپلىغان). ئاياللارغا نىسبەتەن يۈز ۋە ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەت ھېسابلىنىدۇ. نامازدا ئەۋرەت سانىلىدىغان ئەزادىن بىرىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنىڭ بىر پەرزنى ئادا قىلىش مىقدارى يەنى ئۈچ تەسبىھ ئېيتقۇدەك مىقداردا ئېچىلىپ تۇرۇشى نامازنى بۇزىدۇ («فىقھۇل ئىسلام»دىن). شۇڭا نامازدا نېپىز، ئەۋرەت ئەزالىرىنىڭ شەكلىنى ئېپادىلەپ تۇرىدىغان تار، قىسقا كىيىملەرنى كىيىشكە بولمايدۇ.

4) ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇننىڭ پاك بولۇشى شەرت. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”بۇ مەسچىتلەر سىيدۈك ۋە ناپاك نەرسىلەرنىڭ بولۇشىغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ، ھەقىقەتەن مەسچىتلەر ئاللاھنى زىكرى قىلىشقا ۋە قۇرئان ئوقۇشقىلا خاستۇر“** (مۇسلىم توپلىغان).

5) ناماز شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئوقۇلۇشى شەرت. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**شۈبھىسىزكى، ناماز مۆئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى.**

——سۈرە «نىسا» (4 ـ سۈرە)، 103 ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى، ھەر قانداق بىر كىشى بەش ۋاخ نامازنى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا نامازنىڭ تەرتىپلىرى ۋە رۇكۇ-سەجدىلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاپ ئادا قىلسا ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۇنى مەغپىرەت قىلىش ئەھدىسى**

**بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىغان كىشى ئۇچۇن ئاللاھنىڭ ئەھدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ خالىسا ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ. خالىسا ئازابلايدۇ»** (ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، مالىك توپلىغان).

**6**)ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشى شەرت. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇئمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار.**

——سۈرە«بەقەرە»(**2** ـ سۈرە)، **144** ـ ئايەت

ئەگەر ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى ۋەھشىي ھايۋاندىن قورقۇش ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى قىبلىگە يۈزلىنىشكە قادىر بولالمىسا ئۆزى يۈز كەلتۈرەلەيدىغان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى قىبلىنى پەرق ئېتەلمىسە، سورىغۇدەك ئادەممۇ بولمىسا، ئىمكانىيەت بېرىپ ئىزدىنىپ، قىبلىنى پەرقلەندۈرۈپ، توغرا يۆنىلىشكە قاراپ ناماز ئوقۇش كېرەك. ئەگەر قىبلىنى مۆلچەرلەپ ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يۆنىلىشنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقى ئېنىقلانسا نامازنى قايتا ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سەپەرگە چىقىپ ھاۋا بۇلۇتلۇق بىر كۈنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇپتۇق، نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ كۈن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىز: 'ئى رەسۇلۇللاھ! نامازنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قاراپ ئوقۇپتۇق' دېۋىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: 'نامىزىڭلار ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەپ بولدى'** دېدى"(تەبەرانى توپلىغان).

ئەگەر ناماز داۋامىدا يۆنىلىش خاتا بولۇپ قالغانلىقى سېزىلسە، شۇ ھالەتتە بۇرۇلۇپ، قىبلىگە يۈزلىنىپ نامازنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. نامازنى قايتا ئوقۇش ھاجەتسىز. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: **"كىشىلەر قۇبا مەسچىتىدە بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقان چاغدا بىر كىشى كېلىپ مۇنداق دېدى: 'ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھقا كېچىدە كەئبە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش توغرىسىدا ئايەت چۈشتى، سىلەرمۇ كەئبىگە يۈزلىنىڭلار!' كىشىلەر شام تەرەپكە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار دەرھاللا كەئبە تەرەپكە يۈزلەندى"** (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

**7**)ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى نىيەت قىلىشى شەرت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق، ھەركىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ"**(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). نامازدا نىيەت قىلىش بىلەن قول كۆتۈرۈش ئارىلىقىنى دۇنيا سۆزىنى قىلىشقا ئوخشاش سۆز ـ ھەرىكەتلەر بىلەن ئايرىپ، توختاپ قالماسلىق، قايسى نامازنى ئوقۇيدىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدىغانلىقىنى نىيەت قىلىشى لازىم.

**19. نامازنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟**

ج:نامازنىڭ پەرزلىرى تۆۋەندىكىدەك بولۇپ، بارلىق نامازلاردا نامازنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن، بۇ پەرزلەرنى چوقۇم ئادا قىلىش كېرەك. بۇلاردىن بىرەرسى قەستەن ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ تەرك ئېتىلسە ناماز دۇرۇس بولمايدۇ، قايتا ئوقۇلىدۇ. پەرزنى تەرك ئېتىش سەۋەنلىك سەجدىسى بىلەن تولۇقلانمايدۇ.

**1**)ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ"ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ تەھرىمە(نامازدىن باشقىنى ھارام قىلىش تەكبىرى



)نى ئېيتىپ نامازغا شۇرۇ قىلىشى پەرز. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"نامازنىڭ ئاچقۇچى پاكلىقتۇر، نامازغا كىرىش تەكبىر بىلەن، نامازدىن چىقىش سالام بىلەن بولىدۇ"**( ئەبۇ داۋۇد تويلىغان).

تەكبىر تەھرىمىنى ئۆرە تۇرغان ھالەتتە، ئۆزى ئاڭلىغۇدەك رەۋىشتە، نىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېيتىش ھەمدە "ئاللاھۇ ئەكبەر" دېگەندە "ئا، ب" ھەرپلىرىنى سوزماي توغرا تەلەپپۇز قىلىش كېرەك.

**2**)قىيامدا( ئۆرە) تۇرۇش پەرز. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا(يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار.**

ــــسۈرە«بەقەرە»(2 ــ سۈرە)، **238** ــ ئايەت

ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مەن بۇۋاسىر كېسىلى بولۇپ قالغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نامازنى قانداق ئوقۇش توغرۇلۇق سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **'نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇ، قادىر بولالمىساڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇ، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ يېتىپ ئوقۇغىن'** دېدى(بۇخارى تويلىغان).

نەپلە نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا قۇدرىتى يەتسىمۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: **"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرۇپمۇ ناماز ئوقۇيتتى، ھەم شۇنداق قىرائەت قىلاتتى، ئۇ قىرائەت قىلىپ ئوتتۇز ـ قىرىقتەك ئايەت قالغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ قىرائىتىنى داۋاملاشتۇراتتى، ئاندىن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلاتتى. ئىككىنچى رەكئەتتىمۇ شۇنداق ئوقۇيتتى، ئۇ ناماز ئوقۇپ بولۇپ ماڭا قارايتتى، ئويغاق بولسام مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى، ئۇخلاۋاتقان بولسام يېتىپ ئارام ئالاتتى"** (بۇخارى، مۇسلىم تويلىغان).

لېكىن نەپلە نامازنى ئۆزرىسىز ھالدا ئولتۇرۇپ ئوقۇغان كىشىگە ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان كىشىنىڭ يېرىم ئەجرى بېرىلىدۇ. ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىشىنىڭ(ئۆزرىسىز)ئولتۇرۇپ ئوقۇغان نامىزىغا يېرىم ئەجىر بېرىلىدۇ"**( مۇسلىم تويلىغان).

**3**)بىر ئايەت بولسىمۇ قىرائەت قىلىش پەرز.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**قۇرئاندىن سىلەرگە ئاسان بولغانلىرىنى ئوقۇڭلار.**

ــــسۈرە«مۇزەممىل»(73 ــ سۈرە)، **20** ــ ئايەت

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"قىرائەتسىز ناماز دۇرۇس بولمايدۇ"**( مۇسلىم تويلىغان).

**4**)رۇكۇ قىلىش پەرز. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار(يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار.**

ــــسۈرە«ھەج»(22 ــ سۈرە)، **77** ــ ئايەت

**5**)سەجدە قىلىش پەرز. (يۇقىرىقى ئايەت بۇنىڭ دەلىلى بولىدۇ) ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مەن نامازدا پېشانە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرنىغىمۇ ئىشارەت قىلدى)، ئىككى ئالقان، ئىككى تىز ۋە ئىككى پۇتنىڭ بارماقلىرى بىلەن سەجدە قىلىشقا، كىيىمنى يىغىۋالماسلىق ۋە چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرمەسلىككە بۇيرۇلدۇم"** (بۇخارى تويلىغان).

**6**)ئەڭ ئاخىرقى تەشەھھۇدتا تەشەھھۇد مىقدارى ئولتۇرۇش پەرز. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەشەھھۇد ئوقۇشنى ئۆگەتكەندە مۇنداق دېگەن: **"مۇشۇنى دېسەڭ ياكى مۇشۇنداق ئولتۇرساڭ نامىزىڭنى تامام قىلغان بولىسەن"**( ئەبۇ داۋۇد تويلىغان).

### **20**. نامازنىڭ ۋاجىبلىرى قايسىلار؟

ج:نامازنىڭ ۋاجىبلىرى تۆۋەندىكىدەك بولۇپ، بۇلاردىن بىرەرسىنى قەستەن تەرك ئېتىش مەكرۇھ تەھرىمە سانىلىدۇ، لېكىن ناماز بۇزۇلمايدۇ، ئېھتىيات نۇقتىسىدىن قايتا مۇكەممەل ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇنتۇغانلىقتىن ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن تەرك ئېتىلسە ناماز ئاخىرىدا سەۋەنلىك

سەجدىسى لازىم كېلىدۇ، شۇ ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ.

**1**)نامازدا سۈرە«فاتىھە»نى قىرائەت قىلىش ۋاجىب. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىغان ناماز مۇكەممەل ناماز بولمايدۇ**'' (بۇخارى توپلىغان). تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە سۈرە «فاتىھە»نى ئوقۇش ۋاجىب بولۇپ، كېيىنكى ئىككى رەكئىتىدە ئوقۇش ۋاجىب ئەمەس. ۋىتىر ۋە سۈننەت نامازلارنىڭ ھەممە رەكئەتلىرىدە «فاتىھە»نى ئوقۇش ۋاجىب.

**2**)سۈرە«فاتىھە»گە بىر سۈرە ياكى خالىغان سۈرىدىن ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەت ئوقۇش ۋاجىب. بۇ پەرز نامازنىڭ ئىككى رەكئىتىدە، ۋىتىر ۋە سۈننەت نامازلارنىڭ ھەممە رەكئىتىدە ۋاجىب بولىدۇ. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**پەرز ياكى نەپلە بولسۇن، سۈرە«فاتىھە»گە يەنە بىر سۈرىنى قوشۇپ ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى (مۇكەممەل)ناماز ئەمەس**''(تىرمىزى توپلىغان).

پەرز نامازنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە سۈرە«فاتىھە»گە يەنە بىر سۈرىنى قوشۇپ ئوقۇش سۈننەتكە خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن مەكروھ بولىدۇ.

**3**)پەرز نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە قىرائەتنى تەيىنلەش ۋاجىب. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ''**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرەتتى، پېشىن، ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە سۈرە«فاتىھە»نى ۋە ئىككى سۈرىنى ئوقۇيتتى**''( مۇسلىم توپلىغان).

**4**)ئەڭ ئاۋۋال فاتىھەنى ئوقۇش ۋاجىب. شۇڭا ئۇنتۇپ قېلىپ ئاۋۋال باشقا سۈرىنى ئوقۇغان كىشى، فاتىھەنى ئوقۇپ، ئاندىن بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇپ، ئاخىرىدا سەھۋىنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

**5**)نامازنىڭ تەئدىل ئەركانلىرىنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئورۇنلاش ۋاجىب. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە كىرگەندە بىر كىشى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىردى ۋە ناماز ئوقۇدى. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھقا سالام قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قىلىپ بولغاندىن كېيىن: ''**نامازنى خاتا ئوقۇدۇڭ، قايتا ئوقۇغىن**'' دېدى. ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇپ كېلىپ رەسۇلۇللاھقا سالام قىلدى. رەسۇلۇللاھ: ''**سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ، قايتا ئوقۇ**'' دېدى. ئۇ كىشى يەنە كېلىپ سالام قىلدى. بۇ ئىش ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلانغاندا ھېلىقى كىشى: ''سېنى بىزگە ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت مۇشۇنداقلا ئوقۇيالايمەن، بۇنىڭدىن ياخشى ئوقۇشنى بىلمەيمەن'' دېدى. رەسۇلۇللاھ: ''**سەن نامازغا تۇرغان چېغىڭدا 'ئاللاھۇ ئەكبەر' دېگىن، ئاندىن بىلىدىغان سۈرىلىرىڭنى ئوقۇغىن، ئاندىن رۇكۇ قىلىپ رۇكۇدا(مەلۇم ۋاقىت) ئارام ئېلىپ تۇرغىن، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ تۈپتۈز تۇرغىن، ئاندىن سەجدە قىلىپ، سەجدىدە(مەلۇم ۋاقىت) ئارام ئېلىپ تۇرغىن، ئاندىن سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، ئارام ئېلىپ ئولتۇرغىن، ئاندىن سەجدە قىلىپ، سەجدىدە(مەلۇم ۋاقىت) ئارام ئېلىپ تۇرغىن، بارلىق نامىزىڭدا مۇشۇنداق قىلغىن**'' دېدى(بۇخارى توپلىغان).

**6**)ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك نامازدا ئىككى رەكئەتتىن كېيىن ئولتۇرۇش. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:''**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىن تەشەھھۇدتا ئولتۇرغىنىمىزدا 'ئەتتەھىيياتۇ لىللاھى'نى ئوقۇشنى ئۆگەتكەنىدى**'' (تىرمىزى توپلىغان).

**7**)ئولتۇرغاندا تەشەھھۇد(گۇۋاھلىق بېرىش كەلىمىسى)نى ئوقۇش ۋاجىب. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**سىلەردىن كىمكى نامازدا تەشەھھۇدتا ئولتۇرىدىكەن تىل، بەدەن، مال ئارقىلىق قىلىنغان ئىبادەتلەر ئاللاھ ئۈچۈندۇر، 'ئى رەسۇلۇللاھ، ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز، ساڭا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئىنئاملىرى بولسۇن، ئۆزىمىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە ئامانلىق تىلەيمىز، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر' دېسۇن**'' (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**8)** نامازدىن چىققاندا سالام بېرىپ چىقىش. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**نامازنىڭ ئاچقۇچى پاكلىقتۇر، نامازغا كىرىش تەكبىر بىلەن، نامازدىن چىقىش سالام بىلەن بولىدۇ**"(ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

**9)** ئاۋۋالقى ئولتۇرۇشتا تەشەھھۇدنى ئوقۇپلا دەرھال ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرۇپ كېتىش ۋاجىب. شۇڭا بىر كىشى تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېسىدە يوق "ئاللاھۇممە سەللى ئەلە مۇھەممەد..." دەپ ئوقۇپ سالسا، سەھۋەنلىك سەجدىسى ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى بۇ قىيامدا تۇرۇشتىن ئىبارەت رۇكۇننى ئەسلى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرگەنلىك بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا نامازنىڭ ئاۋۋالقى ۋە ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا ئوقۇلىدىغان تەشەھھۇدنى ئۆگەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋالقى تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان بولسا تەشەھھۇدنى ئوقۇپلا(ئۈچىنچى رەكئەتكە) تۇرۇپ كېتەتتى، ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان بولسا، تەشەھھۇدتىن كېيىن ئاللاھ خالىغان دۇئالارنى ئوقۇيتتى، ئاندىن سالام بېرەتتى**"(ئىمام ئەھمەد توپلىغان).

**10)** ۋىتىر نامىزىدا قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇش ۋاجىب. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ۋىتىر نامىزىدا) رۇكۇدىن بۇرۇن قۇنۇت ئوقۇيتتى**" (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

**11)** ھېيت نامىزىدىكى ئايرىم ئېيتىلىدىغان بارلىق تەكبىرلەرنى ئېيتىش ۋاجىب. بەكرى ئىبنى سەۋدا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "**ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېيت نامىزىدا ئېيتىلىدىغان ھەربىر تەكبىردە قولىنى كۆتۈرەتتى**" (بەيھەقى توپلىغان).

**12)** ئىمام بولغۇچىنىڭ بامدات، جۈمە، ئىككى ھېيت نامىزى ۋە رامىزاندىكى تەراۋىھ، ۋىتىر نامازلىرىدا، شام، خۇپتەننىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە ئۈنلۈك قىرائەت قىلىشى ۋاجىب. شۇنىڭدەك ئىمام ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ پېشىن، ئەسىر نامىزىدا، شامنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتى، خۇپتەننىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە، (كۈن تۇتۇلۇش نامىزى)، (سۇ تەلەپ قىلىش نامىزى) ۋە كۈندۈزنىڭ نەپلە نامازلىرىدا ئۆزى ئاڭلىغۇدەك رەۋىشتە مەخپىي ئوقۇشى ۋاجىب. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كۈندۈزنىڭ نامىزىدا ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنمايدۇ**"(«ھىدايە»دىن). ئەمما قىرائىتى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازلاردا يالغۇز ئوقۇغۇچىغا ئىختىيارلىق بېرىلگەن بولۇپ، ئۈنلۈك ئوقۇغىنى ئەۋزەل. شۇنىڭدەك كېچىدە نەپلە ئوقۇغۇچىغىمۇ ئىختىيارلىق بېرىلگەن. ئابدۇللا ئىبنى ئەبى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "**مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: 'پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە ناماز ئوقۇغىنىدا قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇمدۇ ياكى مەخپىيمۇ؟' دەپ سورىسام، ئۇ: 'بەزىدە ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ، بەزىدە مەخپىي ئوقۇيدۇ' دېدى. مەن: 'ئىشلىرىمىزدا ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن' دېدىم**".

**13)** ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ناماز ئەركانلىرىدا ئىمامغا ئەگىشىشى ۋاجىب. ئەمما نامازدىكى قىرائەتتە ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامغا ئەگەشمەيدۇ، بەلكى شۈك تۇرۇپ تىڭشايدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ئىمام ئىقتىدا قىلىنىشى ئۈچۈن تەيىنلەنگەن، ئىمام تەكبىر ئېيتسا تەكبىر ئېيتىڭلار، قىرائەت قىلسا شۈك تۇرۇڭلار**"(بۇخارى توپلىغان).

**14)** نامازنىڭ پەرز، ۋاجىبلىرىنى ئۆز ئورنىدا تەرتىپى بىلەن ئادا قىلىش ۋاجىب. شۇڭا نامازدا قىرائەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن رۇكۇ قىلماي ئۈچ تەسبىھ مىقدارى تۇرۇپ قالسا، رۇكۇدىن ئىبارەت پەرزنى كېچىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن سەھۋەنلىك سەجدىسى ۋاجىب بولىدۇ(داۋامى بار).

(ئاپتورلار: قورغاس ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرەم)

# ئىسلامدىكى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش توغرىسىدا

مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ئىسلام دىنىمىزدىكى ئۇلۇغ ئەمەللەرنىڭ بىرى بولۇپ ئاللاھ تائالا ئۇنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلىپ ئەۋەتكەن.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جاھالەت زۇلمىتى قاپلىغان، كۇفرىلىق ۋە شېرىك ئەقىدە تۇمانلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ تاللاپ، ئۇلارنى جاھالەت ۋە شېرىك ئەقىدىلەر ئىسكەنجىسىدىن چىقىرىپ ئىسلامدىن ئىبارەت مۇتلەق ھەقىقەتكە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى نۇرغا باشلاش ئۈچۈن ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق ئىسلامىي دەۋەت داۋامىدا جاھالەتكە، شېرىك ئەقىدىلەرگە ۋە تىلغا ئالغۇسىز رەزىللىكلەرگە تولۇپ كەتكەن ئەرەب يېرىم ئارىلىنى جاھالەت زۇلمىتىدىن ئىسلامنىڭ پارلاق نۇرىغا باشلىدى. ئۇلارنى ھەرخىل شېرىك ئەقىدە، قىزلارنى تىرىك كۆمۈش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جىمى مۇنكەرلەردىن توسۇپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بۇتپەرەسلىك ۋە شېرىك ئەقىدىلەردىن تازىلاپ، ئۇ جاينى دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كەلتۈردى ھەمدە كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام دىنىنىڭ غەربتە ئاتلانتىك ئوكياندىن شەرقتە ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ھالقىپ ھىندونېزىيەلەرگىچە تارقىلىپ بېرىشىغا ھەر قايسى جەھەتلەردە ئاساس ۋە شەرت شارائىت ھازىرلاپ بەردى. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق قىسقىغىنا ئىسلامىي دەۋەت ھاياتىنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش بىلەن ئۆتكۈزدى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.**

—— سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، **110** ـ ئايەت

مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت بۇ

ئەمەلنى ئىماننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈشى بۇ ئەمەلنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنىڭ نەقەدەر يۇكسەك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن بەلكى بۇ ئەمەلنىڭ مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

يەنە ئاللاھ تائالا بۇ ئەمەلنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ سۈپەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن :

**مۆئمىن ئەرلەر، مۆئمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر. ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ.**

——سۈرە«تەۋبە»(9 ـ سۈرە)، 71 ـ ئايەت

دېمەك، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ سۈپەتلىرىدىن بىرى ھەم شۇنداقلا بىزنىڭ ئۇلۇغ بۇرچىمىز. ئەگەر بىز ئۆزئارا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئەيىب ـ نۇقسان، خاتالىقلىرىمىزنى كۆرسىتىپ ئۆزئارا ياخشىلىققا ۋە ھەقىقەتكە تەۋسىيە قىلىشىپ ئۆتىدىكەنمىز ئارىمىزدا ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق، ئۈملۈك شەكىللىنىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئىي قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.**

——سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 104 ئايەت

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزئارا ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش كىشىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئەگەر بۇ ئەمەل تەرك ئېتىلىپ، كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن كارى بولماي ‘‘گۇناھ قىلسا ئۆزى جازاسىنى تارتىدۇ’’ دەپ يۈرسە، ئۇ چاغدا ئېتىقاد ۋە ئەخلاققا زىيان يېتىپ، جەمئىيەتتە بۇزۇلۇش، چۈشكۈنلۈك مەيدانغا كېلىدۇ؛ هاراقكەشلىك، زىناخورلۇق، ئالدامچىلىق، قىمارۋازلىق، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش قاتارلىق بۇزۇقچىلىقلار ئېغىرلاپ كۆپىيىدۇ. جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئائىلىلەرمۇ بۇزۇلۇپ، ئەۋلادلار چىقىش يولى تاپالماي ئېزىقىدۇ. بۇ ئەمەلنى تەرك ئەتكەن سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا مەزكۇر قەۋمگە غەزەپ ۋە لەنەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى بۇ ئەمەلنى تەرك ئېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ‘‘**ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقايسىلەر، ئۇنداق قىلمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە دەرگاھىدىن ئازاب ئەۋەتكەي، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ دۇئالىرىڭلارنى ئىجابەت قىلمايدۇ**’’(تىرمىزى توپلىغان).

يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىستىن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەمەلنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ۋە كىشىلەرگە نىسبەتەن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ئۇنداقتا بىز تۆۋەندە قايسى ئەمەللەرنىڭ شەرىئەتتە ياخشى دەپ قارىلىپ ئۇنىڭغا بۇيرۇش كېرەكلىكىنى، قايسى ئەمەللەرنىڭ يامان قارىلىپ ئۇنىڭدىن توسۇش كېرەكلىكىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ‘‘ياخشىلىق’’ دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىسلەردە بىردەك ‘‘**معروف**’’ ‹مەئرۇپ› دېگەن سۆز بىلەن، ‘‘يامان’’ دېگەن سۆز (منكر) ‹مۇنكەر› دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن.

‘‘مەئرۇپ’’ دېگەن سۆزنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئىستىلاھىي مەنىسى ئىسلام دىنى قىلىشقا بۇيرۇغان، قىلىشقا چاقىرىق قىلغان بارلىق ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، ئىمان كەلتۈرۈش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، ھەج قىلىش، كىشىلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلىش، ئەخلاقلىق بولۇش، تۇغقانچىلىقنى ئۇلاش، باشقىلار بىلەن دوستانە ئۆتۈش، پاك قەلب بىلەن باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىش، سىلىق ـ سىپايە بولۇش، باشقىلارغا زۇلۇم ۋە ئاھانەت قىلماسلىق، ئاخىرەتنى دۇنيادىن ئارتۇق بىلىش، ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىش، مۇسىبەت ۋە ئېغىرچىلىقلارغا ئۇچرىغاندا سەۋرى قىلىش، ئاللاھنىڭ سىناقلىرىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىش، راستچىل بولۇش، قوشنا ۋە خىش ـ ئەقرىبالارغا ياخشىلىق قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

قىلماسلىق، يېتىم ـ يېسىر، مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادار ۋە كۆيۈمچان بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جىمى ئىنساننىڭ ساغلام ئەقلى ۋە تەبىئىتى ياخشى دەپ قارايدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئىش دەپ ئومۇملاشقان بارلىق گۈزەل ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

"مۇنكەر" دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئىسلامدىكى ئىستىلاھىي مەنىسى بولسا مەئرۇپنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى توسقان، شەرىئەت چەكلىگەن ۋە ئاگاھلاندۇرغان بارلىق ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى توسقان گۇناھى ئەڭ چوڭ، ئەڭ خەتەرلىك "مۇنكەر" بولسا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە باشقىلارنى ناھەق ئۆلتۈرۈش، باشقىلارنىڭ مال ـ دۇنياسىنى يولسىز ئىگىلىۋېلىش، پارە بېرىش ۋە ئېلىش، قىمار ئويناش، ھاراق ئىچىش، نەشە ـ خېروئىن چېكىش، زىنا قىلىش، ئىسلام چەكلىگەن بەزى سودا ـ سېتىقلار، ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشىتىش، تارازىدا ئادىل بولماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، يالغانچىلىق، چۈشكۈنلۈك، خۇشامەتچىلىك، تەخسكەشلىك، ....... ۋە جىمى ئىنساننىڭ ساغلام ئەقلى ۋە تەبىئىتى يامان كۆرۈدىغان رەزىل، پەسكەش قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇنداقتا بىرەر مۇنكەر ئىش قىلغۇچىنى كۆرگەندە ئۇنى قايسى ئۇسۇل بىلەن توسۇپ، ياخشى يولغا يېتەكلەپ قويۇش كېرەك؟ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىرى، بىرەر مۇنكەر ئىشنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر (قولى بىلەن ئۆزگەرتىشكە) قادىر بولالمىسا تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر (تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشكە) قادىر بولالمىسا قەلبى بىلەن يامان كۆرسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز دەرىجىسىدۇر"** (مۇسلىم توپلىغان). يەنى ئەگەر بىرى يەنە بىرىنىڭ يامان ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە ۋە يامان ئىش قىلغۇچىنى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىماستىن توسۇشقا قادىر بولسا، يامان ئىش قىلغۇچىنى قولى بىلەن ياكى تىلى بىلەن توسۇشى لازىم، بۇ ئەھۋالدا يامان ئىش قىلغۇچىنى توسۇش كۆرگۈچىگە نىسبەتەن ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر يامان ئىش قىلغۇچىنى كۆرگۈچى ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە مال مۈلكىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ يامان ئىش قىلغۇچىنى قولى ياكى تىلى ئارقىلىق توسۇشقا قادىر بولالمىسا قەلبىدە يامان كۆرۈشى ۋە مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ ئۇنى توسۇشقا ئورۇنۇپ بېقىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.**

ـــــسۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 286 ـ ئايەت

شۇنىڭدەك ھەرقانداق ئەمەل ئىبادەتنىڭ ئۆزىگە خاس شەرتلىرى ۋە ئۇسۇللىرى بولغىنىدەك، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىبادەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس شەرتلىرى، ئۇسلۇبى ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى ئۆزىنىڭ نەسىھەتىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ئويلىمىغان يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئەدەپ ـ يوسۇنلىرى بار:

**1)** ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى نىيىتىنى ئاللاھقا خالىس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمىلىنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىشى كېرەك، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئەمىلى ئارقىلىق قانداقتۇر باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش، ئۆزىنىڭ تەقۋالىقىنى ئىسپاتلاش ۋە ياكى قارشى تەرەپنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا خىجىل قىلىش مەقسەت قىلىنماسلىقى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىيەتنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: **"ئەمەللەر ھەقىقەتەن نىيەتكە باغلىق"** (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

**2)** ئۆزىدىن باشلىشى ۋە ئۆزىنىڭ دېگىنىگە ئاۋۋال ئۆزى ئەمەل قىلىشى كېرەك، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزى باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغانلارغا كايىپ مۇنداق دېگەن:

**كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتابنى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر؟**

www.uyghurkitap.com



——سۈرە«بەقەرە»(**2** ـ سۈرە)، **44** ـ ئايەت

**3)** ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈزىگە ئۈلگە قىلىشى كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ بۈيۈك ئەخلاق ئۈلگىمىز. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.**

——سۈرە«قەلەم»(**68** ـ سۈرە)، **4** ـ ئايەت

**4)** ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقاندا ئەڭ ياخشى ئۇسلۇبنى قوللىنىشى كېرەك، چۈنكى ئادەم ھاياتىدىكى ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىنچىلىكى بولغان نۇرغۇن ئىشلار ئۇسلۇبنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى تۈپەيلى ئەمەلگە ئاشماسلىقى مۇمكىن، شۇڭلاشقا ئەڭ ياخشى ئۇسلۇب ۋە توغرا رەۋىشتە باشقىلارنى توغرا يولغا باشلىشىمىز كېرەك، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باشقىلارنى توغرا يولغا باشلاشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك ئۇسۇللارنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

**پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن.**

——سۈرە«نەھل»(**16** ـ سۈرە)، **125** ـ ئايەت

**5)** باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان ۋاقىتتا، نەسىھەتنى ئامالنىڭ بارىچە يالغۇز ھالدا قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئۆزىنى ھامان باشقىلارنىڭ ئالدىدا مۇكەممەل كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر باشقىلار بار ۋاقىتتا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىنسا ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنىڭ باشقىلار ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ۋە خىجىل بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى ۋە خاتالىقىنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن.

جەمئىيەتتە زور كۆپ ساندىكىلەر يەنىلا ياخشى كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق بىر جەمئىيەت يامان، بۇزۇق ۋە پەسكەشلەردىن خالىي ئەمەس، ياخشى يول بىلەن يامان يول ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەيۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەپ قويۇش جەمئىيىتىمىزدىكى ھەربىر كىشىنىڭ بۇرچى. ئىككى يول ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاۋاتقانلارنى كۆرگىنىمىزدە توغرا يولغا باشلاپ قويايلى! خاتا يوللارغا كىرىپ كەتمىسۇن، يامان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلارنى كۆرگىنىمىزدە كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە خاتا يولدىن توسۇپ قويايلى! بىز سەۋەبلىك ئۇلار توغرا يولدا مېڭىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بىرەر ئادەمنى يامان يولدىن توسۇپ، ياخشى يولغا يېتەكلەپ قويساق جەمئىيىتىمىزدە يامان يولغا ماڭغان ئادەمدىن بىرەرسى بولسىمۇ ئازىيىدۇ، بۇ جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئاز بولسىمۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەم بىز مۇشۇ ئەمەلىمىز ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىم بىرەرسىنى ياخشىلىققا باشلاپ قويسا شۇ كىشىگە شۇ ياخشى ئىشنى قىلغاننىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ"**(مۇسلىم توپلىغان).

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئۆزئارا ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇپ ئۆتكىلى نېسىپ قىلغاي! دۇنيا ـ ئاخىرەتتە سائادەتمەنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغاي ـ ئامىن!

(ئاپتور: مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگىنىپ، پىلانلىق، تەشكىللىك ھەج قىلىش يولىدا ماڭايلى!

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇركى:

**كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا(ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئۇرۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئۇرۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ.**

——سۇرە«ھەج»(22 ـ سۇرە)، 27 ـ ئايەت

ھەج قىلىش ئىسلام دىنىمىزدىكى پەرزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىش بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەشەببۇس قىلغان ھەمدە بىۋاستە بەجا كەلتۈرگەن، مۇسۇلمانلاردىن شۇ بويىچە ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئەمەلدۇر.

**1. تەشكىللىك پىلانلىق ھەج قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسۇلىدۇر.**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"**مەندىن ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن مۇشۇ ھەجىمدىن كېيىن ھەج قىلالماسلىقىم مۇمكىن**"(مۇسلىم توپلىغان).

بۇ ھەدىسنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىجرىيە 10 ـ يىلى ۋىدالىشىش ھەجىدىكى شەيتانغا تاش ئېتىشنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن شۇ يەرگە ھازىر بولغان مۇسۇلمانلارغا نۇتۇق سۆزلىگەندە ئېيتقان.

بۇنىڭ مەنىسى شۇكى:

1) مۇسۇلمانلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھەج مۇراسىمى مۇشۇ ئۆلچەم"پەرز، ۋاجىب، سۈننەت ۋە مۇستەھەب بەلگىلىمىلىرى" بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

2) ھەجنى تەشكىللەش ئەندىزىسىمۇ مۇشۇ قېتىمقى ئۆلچەم(بىر تۇتاش تەشكىللەش، پىلانلىق بولۇش) بويىچە بولىدۇ.

گەرچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىرلا قېتىم ھەج تاۋاپ(ۋىدالىشىش ھەجى) قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زات ئىككى قېتىملىق ھەج تاۋاپنى

www.uyghurkitap.com


بۇۋاسىتە پىلانلىغان ۋە تەشكىللىگەن . (ھىجرىيە 9 ـ يىلى ۋە 10 ـ يىلى) ھىجرىيە 9 ـ يىلى (مىلادىيە 631 ـ يىلى) ، بەزى ساھابىلار مەككە مۇكەررەمەنى سېغىنىپ ھەج قىلىشقا بېرىشنى نىيەت قىلىدۇ ، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا كەڭ كۆلەمدە مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشنىڭ شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بولغاچقا ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەج تاۋاپ مۇراسىمىمۇ تېخى بېكىتىلمىگەنىدى ، شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 300 نەچچە ساھابىنى تەشكىللەپ ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ھەزرىتى ئەلىنى ئۆمەك باشلاپ مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كېلىشكە ئەمر قىلغان . بۇ پاكىت شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەج تاۋاپنى قارىغۇلارچە ئەمەس ، بەلكى پىلانلىق ئېلىپ بارغان . 2 ـ يىلى (ھىجرىيە 10 ـ يىلى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش مۇراسىمىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە بېكىتىشنىڭ شارائىتى پىشىپ يېتىلدى دەپ قاراپ ، مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشنى قارار قىلغان ، ھەمدە ئەلچىلەرنى قەبىلىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتىپ ، كىشىلەرنىڭ بارلىق زۆرۈر تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ ، ئۆزى بىلەن بىرگە ھەج تاۋاپ قىلىشقا بېرىشنى ئۇقتۇرغان . بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان نۇرغۇن مۇسۇلمانلار تۆشمۇتۆشتىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە توپلانغان . توپتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى تەخمىنەن 100 مىڭغا يەتكەندە ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىجرىيە 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جامائەتنى باشلاپ تۆگە ، كالا ، قويلىرىنى ھەيدىشىپ ، زۇلھۇلەيفە مىقاتىغا كەلگەن . زۇلھۇلەيفەدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر كۈن تۇرغان ، يەنە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ھەج تاۋاپچىلار توپىغا قېتىلغان ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆپچىلىككە ئېھرام باغلاش ، لەببەيكە ئوقۇشنى ئۆلگە قىلىپ كۆرسەتكەن . ئاندىن مەككە مۇكەررەمەگە قاراپ ئاتلانغان ، كۆپچىلىك يول بويى يۇقىرى ئاۋازدا لەببەيكە ئوقۇپ ھىجرىيە 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مەككە مۇكەررەمە شەھىرىگە كىرگەن ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆپچىلىكنى باشلاپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ، سەفا ـ مەرۋە ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش ئەمەللىرىنى ئادا قىلغان .

ھىجرىيە 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جامائەتنى باشلاپ مىناغا بېرىپ تۇرغان ، 9 ـ كۈنى ئەرافاتقا بارغان ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە چوڭقۇر تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە نۇتقىنى (يەنى ۋىدالىشىش ھەجى نۇتقىنى) سۆزلىگەن ، كۈن پاتقاندىن كېيىن كۆپچىلىكنى باشلاپ مۇزدەلىفەگە كېلىپ دالىدا قونغان ، ئاندىن مىناغا كېلىپ شەيتانغا تاش ئېتىش ، چاچ چۈشۈرۈپ ئېھرامدىن چىقىش ، قۇربانلىق قىلىش قاتارلىق بىرقاتار ئەمەللەرنى ئادا قىلغان ، ئاندىن كەئبىنى تاۋاپ قىلغان .

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى ، ۋىدالىشىش ھەجى باشتىن ـ ئاخىر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تۇتاش تەشكىللىشى ۋە پىلانلىشىدا ئادا قىلىنغان . شۇڭا ، بىر تۇتاش تەشكىللىك ۋە پىلانلىق ھالدا مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسۇلى بولۇپ ، ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان ھەربىر مۇسۇلمان بۇ ئۇسۇلنى ئۆگىنىشى لازىم . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سىلەرگە ئىككى ئەڭگۈشتەرنى قالدۇرۇپ كەتتىم، بۇنى چىڭ تۇتساڭلار مەڭگۈ توغرا يولدىن ئادىشىپ قالمايسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى (قۇرئان) ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر"** (مالىك توپلىغان) .

**2 . مۇسۇلمانلار ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەمەل قىلىشى ، باشقۇرۇشقا بويسۇنۇشى ، تەشكىللىك ، پىلانلىق ھەج قىلىشى لازىم .**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھەجىنىڭ بىزگە بەرگەن ئەڭ چوڭ ئىلھامى شۇكى: ھەج قىلىش چوڭ كۆلەملىك كوللېكتىپ پائالىيەت بولۇپ ، پەقەت ھەر قېتىمقى پائالىيەت بىرلىككە كېلىپ ، تەشكىللىك ، تەرتىپلىك بولغاندىلا ، ھەر بىر ھەج قىلغۇچى ھەج

پەرزىنى ئۇگۇشلۇق ئادا قىلالايدۇ، ئىسلام دىنىمىز تەشەببۇس قىلغان ئىتتىپاقلىشىش، دوستانە ئۆتۈش، ئىناق ـ ئىجىل بولۇش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتەك ھەقىقىي روھنى ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق بەجا كەلتۈرەلەيمىز.

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.**

ـــــ سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، **59** ـ ئايەت

بۇ ئايەتنى ھەج تاۋاپ مەسىلىسىگە تەتبىقلىغاندا، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلىش، رەسۇلۇللاھنىڭ بىر تۇتاش تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىش يولىدا مېڭىش دېگەنلىك، ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىش دېگەنلىك بولسا، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئەمەل قىلىش ۋە باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇش دېگەنلىكتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ھەج قىلغۇچىلار ۋە ئۆمرە ھەج قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ (رازىلىقىنى دەپ كەلگەن) ئۆمەكتۇر. ئۇلار دۇئا قىلسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھدىن ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلىسە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ**" (نەسەئى توپلىغان).

بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر تۇتاش تەشكىللىنىپ، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆمەك بولۇپ ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلىدىغان ئۆمەكنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى تېخىمۇ زوردۇر. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن تارتىپلا ھەج تاۋاپ ئۆمەك بولۇپ ئادا قىلىنغان. كېيىنكى خەلىپىلەر ۋە سۇلالىلەر دەۋرىدىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىنىپ ھەج تاۋاپ پەرزى ئۆمەك ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ئادا قىلىنغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ ئىسلام دۇنياسى ھەج تاۋاپنى ئۆمەك ئاساسىدا ئادا قىلىشنى تەشەببۇس قىلماقتا. كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج تاۋاپ پەرزىنى تولۇق ئادا قىلىشقا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش، تەشكىلسىزلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان تالاپەت ۋەقەلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتى ھەج تاۋاپنىڭ تەشكىللىك، تەرتىپلىك بولۇشنى، ھەرقايسى ئەللەر ھاجىلىرىنىڭ ھەج تاۋاپ پائالىيىتىنىڭ ئۆمەك ئاساسىدا بولۇشنى بەلگىلىدى.

ئېلىمىز ئىزچىل تۈردە تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلدى ھەمدە **2005** ـ يىلى **3** ـ ئاينىڭ **1** ـ كۈنى رەسمىي يولغا قويۇلغان «دىن ئىشلىرى نىزامى»دا مۇنۇلارنى ئېنىق كۆرسەتتى: "ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ھەج قىلىشنى مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى تەشكىلاتى تەشكىللەيدۇ". بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج پائالىيىتىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەج قىلىشقا شەرتى ھازىرلانغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپىيىۋاتقانلىقىدەك ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىللىك ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سانىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ، مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى بارغانسېرى ئۆستۈرۈپ، ھەربىر ھەج قىلغۇچىنىڭ ھەج پەرزىنى بىخەتەر، قۇلايلىق، ئوڭۇشلۇق، تولۇق ئادا قىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىۋاتىدۇ.

پىلانلىق ھەج قىلىش دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئورتاق ئۇسۇلىدۇر. ھەرقايسى ئەللەر تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئۆچىرەتتە تۇرۇش ئۇسۇلىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىۋاتىدۇ، يولغا قويۇۋاتقان پىلانلىق بولۇش، سان چەكلىمىسى بولۇش ۋە ئۆچىرەتتە تۇرۇشتەك ھەج قىلىش سىياسىتىدە ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنغان، ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ۋە كەلگۈسى مەنپەئەتى قوغدالغان بولۇپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف تەلىماتلىرىغا تامامەن ئۇيغۇن. پىلانلىق ھەج قىلىش جەھەتتە، مەشھۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرە بىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى. سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانىسىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە تېنىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ۋىدالىشىش ھەجىگە بارالمىغان، ھەتتا ئانىسى ھايات ۋاقتىدىمۇ ھەجگە بېرىپ باقمىغان، ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ھەج پەرزىنى ئادا قىلغان. خۇددى ئىمام غەززالى ئېيتقاندەك:"ئاتا ـ ئانىسىغا كېتىدىغان خىراجەت ۋە ھەج خىراجىتىنى تەڭلا ئۈستىگە ئالالمايدىغانلارمۇ ھەج قىلىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ھەجنىڭ ئالدىغا قويۇشى، يەنى مۇھىم پەرزنى ئىككىنچى ئورۇندىكى پەرزنىڭ ئالدىغا قويۇشى كېرەك". بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەج قىلىشنى پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسۇلى بولۇپ قالماستىن، ساھابىلارنىڭمۇ ئۇسۇلىدۇر، تېخىمۇ كۆپ پازىللارنىڭ تەشەببۇسىدۇر.

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇبارەك قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغىن.**

—— سۈرە«قەسەس»(28 ـ سۈرە)، 77 ـ ئايەت

بۇ ئايەتتە بىز مۇسۇلمانلاردىن ھەم ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە، ھەم بۇ ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە ئىنتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرۇش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈمىد قىلىنغان. مۇشۇنداق بولغاندىلا تېخىمۇ كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ھەج قىلىش شەرتىگە ھەقىقىي ئۇيغۇن بولۇپ، ھەج پەرزىنى تولۇق ئادا قىلالايدۇ. مەيلى قايسى ۋاقىتتا بولسۇن، بىز ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى:"**سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر**"{سۈرە«ئەنفال»(8 ـ سۈرە)، 46 ـ ئايەت} دېگەن تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ھەج قىلىشىمىز، نورمال ھەج تەرتىپىنى قوغدىشىمىز لازىم. بەلكىم بەزىلەر سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەي قېلىشى مۇمكىن، بىراق شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، پەقەت ئىخلاسمەنلىك بىلەن ھەج تاۋاپ قىلىشنى نىيەت قىلغانلا بولساق، نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە مۇشەررەپ بولالايمىز. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"**ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق، ھەركىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ**"(بۇخارى توپلىغان).

دىنىي قېرىنداشلار! ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**سىلەرگە ــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.**

—— سۈرە«ئەھزاب»(33 ـ سۈرە)، 21 ـ ئايەت

بىز يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، بىرتۇتاش تەشكىللىك ۋە پىلانلىق ھەج قىلىش يولىغا مېڭىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا بىزنى ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكۈچى مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا نېسىپ قىلغاي!

ئامىن!

(جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تۈزگەن؛ تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى)

# قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفكە ئەمەل قىلىپ، ھەج ئىقتىدارىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەرتى كامىل ھەج قىلغۇچىلاردىن بولايلى!

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇبارەك قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى.**

——سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 97 ـ ئايەت

ھەج قىلىش ئېتىقاد، جىسمانىي ئىقتىدار، ئىقتىسادىي ئىقتىدار بىر گەۋدە قىلىنغان دىنىي ئەمەل بولۇپ، ئىسلام دىنىمىزدىكى بەش پەرز ئىچىدىكى شەرتلىك ئەمەللەرنىڭ بىرى، شەرتنى ھازىرلىمىغانلاردا ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ. ھەجنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرى:

1. بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان بولۇش، تېنى ساغلام بولۇش، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇش.

2. ئىقتىسادىي ئىقتىدارى بولۇش. ھەج قىلغۇچىلار ھەج قىلىشقا كېتەرلىك بارلىق خىراجەتنى ھازىرلىغان بولۇشى، ئۇندىن باشقا ئائىلىسىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى، ئائىلىسىدىكىلەرگە كەم دېگەندە بىر يىل يەتكۈدەك خىراجەت قالدۇرغان بولۇشى لازىم.

3. يول ئەمىن بولۇش، يەنى مەككە مۇكەررەمەگە بېرىش يولى(جۇملىدىن قۇرۇقلۇق يولى، دېڭىز يولى، ھاۋا يولى) ئەمىن ۋە راۋان بولغان، تۇپىلاڭ ۋە يۇقۇملۇق كېسەل قاتارلىق شەخسنىڭ ھاياتى ۋە پۇل ـ مېلىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئامىللار بولمىغان ئەھۋالدا ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ.

يۇقىرىقى شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولغان ئاياللارغا يەنە ئېرى ياكى شۇ ئايالغا مەھرەم ھېسابلىنىدىغان (يەنى شۇ ئايال بىلەن نىكاھلىنىشى ئۆمۈرۋايەت چەكلەنگەن) بىر ئەرنىڭ ھەمراھ بولۇشى لازىم. ئەگەر ئېرى ياكى مەھرىمى بولمىسا، ئۆمەككە قاتنىشىپ، ئۆمەك مەسئۇلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىر نەچچە ئايال بىرلىكتە بېرىپ ھەج قىلسا بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان شەپقىتى ۋە ئاسانلىقىدۇر.

ئىسلام شەرئىتى بويىچە، ئىقتىدارى بولۇش —— ھەج تاۋاپىنىڭ ۋاجىب شەرتى بولۇپ، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي، جىسمانىي ۋە يولدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىكى ئىقتىدارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە:"**قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى**" دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بىر كىشى بۇ ئايەت توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:"ئىقتىدار نېمىلەرنى كۆرسىتىدۇ؟" دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:"**يول خىراجىتىنى ۋە (مىنىپ بارىدىغان) ئۇلاغنى كۆرسىتىدۇ**" دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "ئىقتىدار"غا يەنى قادىر بولۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، ھەمدە "ئىقتىدار"نى يول خىراجىتى (ئىقتىسادىي ئىقتىدار) ۋە سەپەر(سەپەر قىلىش ئىقتىدارى) دەپ چۈشەندۈرگەن.

شۇڭا فىقھە ئۆلىمالىرى ھەج قىلىشتىكى "ئىقتىدار" مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا كەڭ مەنىلەرنى يۈكلىگەن.

## 1. ئىقتىسادىي ئىقتىدار

ئىقتىسادىي ئىقتىدار، يەنى، ھەج قىلغۇچىلاردا ھەج سەپىرىگە كېتەرلىك ئىقتىسادىي ئىقتىدار بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئائىلىسىدىكىلەرنى باقالىغۇدەك ئىقتىسادىي ئىقتىدار بولۇشى لازىم. شۇڭا، بىر مۇسۇلمان ھەج قىلىش قارارىغا كەلگەن چاغدا، ئىقتىسادىي ئىقتىدار نۇقتىسىدىن تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇشى لازىم:

بىرىنچى، ھەج خىراجىتىگە يېتەرلىك پۇلى(جۇملىدىن قاتناش، ياتاق ـ تاماق خىراجىتى) ۋە سەپەردە كېرەكلىك زۆرۈر بۇيۇملار بولۇشى لازىم.

تەفسىر«جەلالەيىن» دېگەن كىتاپتا خاتىرلىنىشىچە، ئەينى يىللىرى يەمەنلىكلەرنىڭ ھەج خىراجىتى تەييارلىقى يېتەرلىك بولمىغاچقا، باشقىلارغا يۈك بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا:"**(ئاخىرەتلىككلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە(يەنى راسخوت ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار**"{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 197 ـ ئايەت} دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىپ، يەمەنلىكلەرنى يېتەرلىك يول خىراجىتى ۋە سەپەردە كېرەكلىك بارلىق نەرسىلەرنى تولۇق تەييارلاشقا ئەمر قىلغان.

ئۇندىن باشقا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە:"يەمەنلىكلەر ئىلگىرى ھەجگە بارسا يېتەرلىك يول خىراجىتى ھازىرلىمايتتى، ئۇلار:'ھەممىمىز ئاللاھقا تايىنىمىز' دەيتتى" («مىشكات»تىن).

يۇقىرىدىكى ئايەت ـ ھەدىسلەردىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەج قىلىشتا تەقۋادارلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە يېتەرلىك يول خىراجىتى تەييارلاش لازىم، چۈنكى يېتەرلىك يول خىراجىتى تەقۋادارلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. ئەگەر يول خىراجىتى يېتەرلىك بولمىغاندا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپلا قالماستىن يەنە ھەج خىزمىتى ئۆمىكى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتىگە، شۇنداقلا سەپەرداشلىرىغىمۇ قىيىنچىلىق پەيدا بولىدۇ.

ئىمام غەززالى«دىنى ئىلىملەرنى گۈللەندۈرۈش» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق يازغان:"ھالال تاپاۋەتتىن بېرىپ ـ كېلىش سەپىرىگە يېتەرلىك خىراجەت تەييارلاش، ئىسراپچىلىقمۇ، بېخىللىقمۇ قىلماسلىق كېرەك؛ ھەمراھلىرىغا ۋە كەمبەغەللەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇش، شۇنداقلا مۆئىييەن سەدىقە بېرىش، ئەڭ ياخشىسى يېتەرلىك يول خىراجىتى ئېلىۋېلىش لازىم". بۇ يەردە بۇ زات ھەج قىلغۇچىلار ئۆزىگە كېتەرلىك يول خىراجىتىنى تولۇق ھازىرلاشتىن باشقا، يەنە ئاكتىپلىق بىلەن ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش، نامراتلارغا خەيرى ـ ئېھسان قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، ھەج تاۋاپىنى تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ ۋە يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان.

ئىككىنچى، ھەج قىلىش ئۈچۈن پۇل ئۆتنە ـ يېرىم قىلماسلىق، قەرز ئالماسلىق، ئائىلە بىساتىنى ساتماسلىق، سەپەر ئۈستىدە تىلەمچىلىك قىلماسلىق لازىم.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ:"مەن رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمدىن ھەج پەرزىنى ئادا قىلمىغان بىرەيلەن قەرز ئېلىپ ھەج قىلسا دۇرۇس بولامدۇ؟ دەپ سورىغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ:‹**ياق، دۇرۇس بولمايدۇ**› دەپ جاۋاب بەردى‹‹(بەيھەقى توپلىغان).

زامانىمىزدىكى بەزى ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: يول خىراجىتى ۋە سەپەر دېگىنىمىز يېتەرلىك ئىقتىسادىي ئىقتىدارنىڭ بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ھەجگە كېتەرلىك بارلىق چىقىملارنى قىلىچە قىيىنچىلىق تارتمايلا چىقىرالايدىغان بولۇشى كېرەك، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ قالمايدىغان بولۇش لازىم، بۇنداق ياردەم ھەتتا ئاتا ـ ئانا، پەرزەنت ۋە باشقىلاردىن بولسىمۇ بولمايدۇ(ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇش ۋە گۈزەل پەزىلەتنى نامايان قىلىش يۈزىسىدىن بولغان ياردەم بولسا بولىدۇ). «شەرھى ۋىقايە»دىمۇ ھەج قىلىش ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلىش ھارام دېيىلگەن. ئىسلام شەرىئىتى شۇنى قايتا تەكىتلەيدۇكى، مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ ھالال تاپاۋىتى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن پاك ئىقتىسادىنى خىراجەت قىلىپ، ئارتۇقچە قىيىنچىلىق بولمىغان ئەھۋالدا، ھەج پەرزىنى تىنچ ـ ئامان، ئوڭۇشلۇق ئادا قىلسا بولىدۇ، ئۆتنە ـ يېرىم قىلىش، مەبلەغ توپلاش ھەتتا ئۆي ـ زېمىن، باغ ـ ۋاران ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى قاتارلىق تۇرمۇشتا بولمىسا بولمايدىغان مۈلۈكلىرىنى سېتىش ئارقىلىق مەبلەغ يىغىپ ھەج قىلىشقا بولمايدۇ. بۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا خىلاپ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**(ئاللاھ) سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى(يەنى سىلەرنى تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى).**

—سۈرە«ھەج»(22 ـ سۈرە)، 78 ـ ئايەت

ئۈچىنچى، ئائىلە خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالغۇدەك ئىقتىسادىي ئىقتىدارى بولۇش لازىم. «شەرھى ۋىقايە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ھەج قىلغۇچى ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە كېتەرلىك خىراجەتنى يېتەرلىك توپلىشى، يەنى ئائىلىسىگە زۆرۈر بولغان ئاساسىي ئېھتىياج، ئالايلۇق، تۇرالغۇ، كىيىم ـ كېچەك، ئائىلە سايمانلىرى قاتارلىق تۇرمۇش خىراجەتلىرىنى تولۇق توپلىشى لازىم. ‹‹ئىقتىسادىي ئىقتىدارى بولۇش››نى چۈشىنىش ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخشاش بولماي كەلدى، ئۇ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا قاراپ تەڭشىلىپ تۇردى. ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەج قىلغۇچىلار ئۆزى ھەج قىلىشقا كېتەرلىك خىراجەتنى توپلاپلا قالماستىن، يەنە ئائىلىسىنى بەلگىلىك تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئىگە قىلىشى، ئائىلە ئەزالىرىنى تەربىيىلىنىش، نىكاھ ئىشلىرى ۋە داۋالىنىش قاتارلىق تەرەپلىرىدە تەسىرگە ئۇچراتماسلىقى لازىم.

ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارىماقتا:‹‹ئەگەر بىر كىشى ھەج قىلىشقا كېتەرلىك ئىقتىسادىي ئىقتىدارنى ھازىرلاپ بولغاندىن كېيىن، مۇشۇ پۇلغا ئۆي سېتىۋېلىشقا، داۋالىنىشقا ياكى توي ئىشلىرىنى قىلىشقا توغرا كەلسە، يەنە كېلىپ بۇ ئىش تولىمۇ تەخىرسىز بولسا، ئەگەر بۇ ئىشلارنى بەجا كەلتۈرمىسە، ئۆزى قىيىنچىلىقتا قالىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ كىشىنىڭ ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ››.

ھازىر ئېلىمىزنىڭ مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلىرىدا، كۆپلىگەن كىشىلەر ئەمدىلا نامراتلىقتىن خالاس بولدى، كۆپىنچە ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى دېگەندەك باياشات ئەمەس، بەزى جايلاردا كىشىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى، پەقەت مىڭ يۈەندىن سەل ئاشىدۇ، مۇشۇ سەۋىيە بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇلار ھەج قىلماقچى بولسا **15** يىلدىن **30** يىلغىچە بولغان كىرىمنى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىشنى تەكىتلەپ، پۈتكۈل ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئەتىنى كۆزلىمىگەندە، ياشانغانلار تېگىشلىك بېقىش تاپالمايدۇ، بالىلار ياخشى بېقىش ۋە ئوقۇش تاپالمايدۇ، ئائىلىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئېھتىياجى بەلگىلىك تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئېنىقكى بۇنداق بولۇش ئىسلام دىنى شەرىئىتى ۋە ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتنى كۆزلەش روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ تەلىم

www.uyghurkitap.com

بىرىدۇ:”**سىنىڭ ئۆزۈڭ ئالدىدا، ئائىلەڭ ئالدىدا، مېھمىنىڭ ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىڭ بار**“(بۇخارى تويلىغان). بۇ جەھەتتە ساھابىلاردىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇسۇلى بىزگە ئۈلگىدۇر. سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ساھابىلاردىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانىسى ياشىنىپ تېنى ئاجىزلاپ قالغان بولغاچقا بۇ ئۆۋەتتىكى ھەج تاۋاپىقا(ۋىدالىشىش ھەجىگە) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بارالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئانىسى ھايات مەزگىلىدىمۇ تاكى ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ھەج قىلمىغان. بۇنىڭدىن ئىسلام دىنىمىزنىڭ قارىشىچە ئائىلە ئېھتىياجىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 2. جىسمانىي ئىقتىدار

جىسمانىي ئىقتىدار جەھەتتە، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولۇشى، مەككە مۇكەررەمەگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارالايدىغان بولۇشى، ھەج تاۋاپىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلالايدىغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ياشانغانلار، تېنى ئاجىزلار، سەپەر قىلىشقا قولايسىزلار، يېرىم پالەچلەر، ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلارنىڭ ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا، ھەج قىلىمەن دەپ يېشىنى يالغاندىن مەلۇم قىلىش، كېسىلىنى يوشۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ھەم ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، ھەم باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ كۆپچىلىككە بىھۇدە يۈك بولۇپ قالىدۇ. شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويىچە، ئەگەر بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرسە، ئۇلار باشقىلارنى بەدەل ھەج قىلدۇرسا بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بىر ئايال:”ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىگە ھەج قىلىشنى بەلگىلىدى، دادامنىڭ يېشى چوڭ، تېنى ئاجىز، ئۇلاغقا مىنەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا مەن ھەج قىلسام بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :’بولىدۇ‘ “ دېگەن(بۇخارى تويلىغان).

## 3. سەپەر قىلىش ئىقتىدارى

سەپەر قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتە، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ قاتناش قورالى بولۇشى ياكى قاتناش قۇرالىدا ئولتۇرۇش ئىقتىدارى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ”ئى رەسۇلۇللاھ! ھەجگە قادىر بولۇش دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:’**يول خىراجىتى ۋە ئۇلاغ(يەنى قاتناش قورالى)**‘ دەپ جاۋاب بەرگەن“(تىرمىزى تويلىغان).

«شەرھى ۋىقايە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەمالار، كېسەللەر، سەپەر قىلىش ئىقتىدارى بولمىغانلار(يول خىراجىتى ۋە قاتناش قورالى بولمىغانلار)نىڭ ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ.

فىقھە ئۆلىمالىرىنىڭ بەلگىلىشىچە، مەككە مۇكەررەمە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلاردىن تاشقىرى، باشقا ئەللەر مۇسۇلمانلىرى مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج قىلىشتا، ئەگەر سالامەتلىكى ياكى ئىقتىسادىي شارائىتى سەۋەبلىك قاتناش قورالىغا ئولتۇرالمىسا، ئۇنداقتا، بۇنداق كىشىنىڭ ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ.

ئۇنىدىن باشقا، يېقىنقى زامان ئۆلىمالىرى ”ئىقتىدار“غا تېخىمۇ كەڭ مەنالارنى بەرمەكتە. يېقىنقى زاماننىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى مۇھەممەد ئابدۇ ”ئىقتىدارنىڭ مەزمۇنى ئادەمگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ“ دەپ قارىغان. ھەر يىلى مەككە مۇكەررەمەدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەج مۇنبىرىدە، ئالىم ـ ئۆلىمالار بىردەك مۇنداق دەپ قاراپ كەلمەكتە: ”ئىقتىدار“نى ئوبيېكتىپ ئامىل ۋە ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئەھۋالى بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەج قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي ئىقتىدار، جىسمانىي ئىقتىدار ۋە سەپەر قىلىش ئىقتىداردىن باشقا، يەنە شەخسنىڭ كىلىمات ئامىلى، زىيادە قىستاڭچىلىق،

مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنىمۇ ”ئىقتىدار“ كاتېگورىيىسى دائىرىسىگە كىرگۈزۈش لازىم. مانا بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرگە ئاسانلىق بېرىش روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ.**

— سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 185 ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**سىلەرنى بىرەر ئىشنى قىلىشقا بۇيرىغىنىمدا، مادارىڭلارغا قاراپ ئىش كۆرۈشۈڭلار كېرەك**“(بۇخارى توپلىغان).

ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەج قىلىنىدىغان جايىنىڭ سىغىمىغا ئاساسەن، ھەر يىلى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ھەج قىلىدىغانلارنىڭ سانىنى بىرتۇتاش تەقسىم قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئېلىمىزدىمۇ خەلقئارادا ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۇسۇل بويىچە، جايلارغا سان تەقسىم قىلىپ بېرىش، تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئۆچىرەت ساقلاش قاتارلىق چارىلەر قوللىنىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، سان تەقسىماتى، ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ساقلاش، ۋىزا ئېلىش ـ ئالالماسلىق قاتارلىقلار ھەجگە بارغىلى بولۇش ـ بولماسلىقنىڭ ئوبيېكتىپ ئامىلى بولۇپ قالماقتا. يېقىنقى يىللاردا ئېلىمىزدە تەشكىللىك ھەج قىلىدىغانلارنىڭ يىلسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ھەج قىلىش ئارزۇسىغا يېتىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بەلگىلىمە بويىچە ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ساقلىشىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە قىلىۋاتقان سىنىقىدۇر.

دىنى قېرىنداشلار! شەرىئەت ھەج قىلىشتىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال پەرزگە قارىتا نۇرغۇن قاتتىق ۋە ئىنچىكە بولغان ئادىمىيلەشكەن بەلگىلىمىلەرنى بېكىتتى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ھەج قىلىش بىر تۈرلۈك شەرتلىك ئەمەل بولۇپ، شەرتى ھازىرلانمىغانلارنىڭ ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ. ئەلھەمدۇلىللاھ! بىز ئاللاھنىڭ مەدىتى بىلەن، تولۇق ئىقتىسادىي شارائىت ھازىرلاپ، شەخس، ئائىلە ۋە جەمئىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەج قىلىش شارائىتىنى ھازىرلىغاندىن كېيىن، مۇبارەك مۇقەددەس زېمىن — مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلايلى.

ئامىن!

(جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تۈزگەن؛ تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى)



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# سەلەي داموللا ھاجىم

مۇھەممەتجان قۇتلۇق

سەلەي داموللا ھاجىم 1916 ـ يىلى ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش قايىراق كەنتىدىكى ئىدىل بىننى مىرشەرىفىدىن ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. سەلەي داموللام 1922 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلغىچە ئۆز مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، دىنىي جەھەتتىكى دەسلەپكى بىلىملەرنى ھاسىل قىلغان. 1935 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇستازى توقسۇن ئاخۇن داموللامنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ خانلىق مەدرىستە ئوقۇغان.

1933 ـ يىلدىن كېيىن راۋاجلانغان قەشقەردىكى يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئىلىم ـ مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە قەشقەر شەھىرىدە دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلۇپ، كۆپلىگەن دەرسلىك، ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى تۈزۈلۈپ، تەشكىلىي تۈزۈم ئورنىتىلىپ، كەڭ دىيارىمىزدىكى مائارىپچىلار قوشۇنىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئاساس سېلىنغان. ھەر قايسى مەدرىسلەردە ياش قۇرامى چوڭ، بىلىم مەلۇماتى ياخشى، ئېتىك تالىپلار ئوقۇتۇلغان. دارىلمۇئەللىمىندىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار ۋە يېڭى دەرسلىك مەزمۇنىغا چىن قەلبىدىن مۇھەببەت باغلىغان سەلەي داموللا ھاجى بۇ يەردە تىرىشىپ زوق ـ شوخ بىلەن ئوقۇغان. بۇ يەردىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى نىسبەتەن ئىلغار بولۇپ، زامانىۋى پەننى بىلىملەردىن تۈرلۈك پەنلەر، بولۇپمۇ فىزىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە ۋە ئىلمىي تېبابەتكە دائىر يېڭى بىلىملەر ئوقۇتۇلاتتى. سەلەي داموللام ئۆزى ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلىملىرىگە ئاساسەن مەكتەپ تەلىم ـ تەربىيە جەريانىدا يارىتىلغان شارائىتقا لايىق ماتېرىياللارنى ئۆزى تەييارلاپ، ئاددىي باتارىيە ياسىغان ۋە ئۇنىڭدىن توك چىقىرىپ ئۆز ھۇجرىسىنى يورىتىپ كىتاب ئوقۇغان، دەرس تەييارلىغان. بۇ خىل يېڭى ئىجادىيەت ئەينى چاغدىكى دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ زىلزىلە قوزغىغان. دارىلمۇئەللىمىنىڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەشتىكى ئەمەلىي ئىقتىدارى جەمئىيەتتە زور ئېتىبارغا سازاۋەر بولغان.

سەلەي داموللا ھاجىم 1946 ـ يىلدىن ئېتىبارەن قەشقەردە ئەنجان كوچا مەسچىتىگە ئىمام ۋە خاتىپ بولۇپ دىنىي ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1947 ـ يىلدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ بىلىم مەلۇماتى، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى بىلەن قەشقەر خانلىق مەدرىسكە مۇدەررىس بولۇپ تەيىن قىلىنغان. ئۇ بۇ يەردە تاكى1958 ـ يىلغىچە تەربىيە بىلەن مەشغۇل بولغان.

سەلەي داموللا ھاجىم 1980 ـ يىلدىن باشلاپ قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىگە خاتىپ، ئىمام بولۇپ، قەشقەردىكى دىن ئىشلىرى، جەمئىيەتنىڭ جامائەتنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان ۋە شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەت ئۆمەكلىرى تەركىبىدە ئىچكى ئۆلكىلەرنى، جۈملىدىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە بېرىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت ۋە ئىسلام دىنى مەركەزلىرىنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلغان ھەمدە مالايسىيانىڭ زۇڭلىسى ماھادىرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

سەلەي داموللا ھاجىم ئەرەب ـ پارس، ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق بىلىشتەك تىل ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، 1980 ـ يىللاردىن باشلانغان قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان قەدىمىي تېبابەت كىتابلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، قەشقەردىكى دىنىي ئۆلىمالاردىن مەرھۇم قاسىم قارىي ھاجىم، ماموت ئاخۇنكام ئولاي، ئابدۇقادىر ھاجىم خانئېرىق، سۇلايمان داموللا ھاجى، ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى سابىت، يەنە شائىر نۇرمۇھەممەد ئېركى، ئىبراھىم قارىي ھاجىم قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىغا دائىر نۇرغۇن كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ چىققان.

سەلەي داموللا ھاجى 1992 ـ يىلى ھەج تاۋاپ ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلدى، لېكىن تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ 8 ـ ئايدا ۋاپات بولدى، ھەمدە مەككە مۇكەررەمەگە دەپنە قىلىندى.

(ئاپتور :قەشقەر شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى :ھاجى بارات رەجەپ)

ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز

# ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى— قەرەۋىيىن ئۇنىۋېرسىتېتى

ئادىل ھاجى كېرەم



ماراكەشنىڭ قەدىمى شەھىرى فىسكە جايلاشقان قەرەۋىيىن مەسچىتى مىلادىيە 859 ـ يىلى ئىدرىسلار سۇلالىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە قەيرۇۋانلىق چوڭ باي مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا فەھرىنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ ئىئانىسى ئاستىدا بىنا قىلىنغان، بۇرۇن بۇ مەسچىت ”شۇرەفا مەسچىتى“ دەپمۇ ئاتالغان. قەيرۇۋانلىقلار مەسچىتنىڭ بىنا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ رايوندا ماكانلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكەن، ئارىدىن يەنە بىر قىسىم خەيرى ـ ئېھسان ئەھلىلىرى مەسچىتنى كېڭەيتىپ سېلىش ۋە رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا پۇل ـ ماللىرىدىن ئايىماي ئىئانە قىلغان. ئۆز ۋاقتىدا ھاكىمىيەت تۇتقان ئەمىرلەر ۋە پادىشاھلار تەرىپىدىن، بولۇپمۇ مۇرابىتىن ۋە مەرىن سۇلالىسى دەۋرىدە چوڭ دائىرىدە كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، نەچچە مىڭ نامازخان بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئۆتىيەلەيدىغان كۆلەمگە يەتكۈزۈلۈپ، مەسچىت ـ مەدرىسىگە ئامانەت قويۇلىدىغان ئامبار، پۇل ـ مال قاتارلىق ئامانەتلەرنى ساقلايدىغان ئۆي، مۇدەررىسلەر، مۇساپىرلار ئۈچۈن قونالغۇ جاي، شۇنداقلا كىتاب ساقلاش ئۆيلىرى سېلىنغان، ھەم مەغرىب رايونىدىكى مەسچىت ـ مەدرىسە مائارىپى ۋە ئىسلام ئىلىملىرى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان دەسلەپكى ئىسلام مەدرىسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئەلەۋىيىلەر دەۋرىدە مەسچىتنىڭ مەدرىسە مائارىپى زور ئىنايەتكە ئىگە بولغان، موللا شەرىفنىڭ ئوغلى موللا رەشىد مەغرىبنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا زور ئېتىبار بىلەن قارىغان، بىرمۇنچىلىغان ئۆلىمالار مەغرىبنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ جايغا

www.uyghurkitap.com

كېلىپ مەسچىت ـ مەدرىسە مائارىپىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن، مۇدەررىس ـ تالىپلارغا مەخسۇس ياتاق ـ جاي هازىرلاپ بېرىلگەن. ئۇ هاكىمىيەت تۇتقان دەۋردە ئىلىم ئېلىش بىلەن مەۋسۇملۇق تەتىلگە قويۇپ بېرىش تۈزۈمى بېكىتىلىپ، يېڭىچە مەسچىت ـ مەدرىسە تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ئۇنىڭ ئىنايىتى ئاستىدا، مەدرىسە تالىپلىرى ئەنئەنە بويىچە هەر يىلى باهار پەسلىدە 15كۈن تەتىلگە قويۇپ بېرىلەتتى، بۇ 15 كۈن ۋاقىت ئىچىدە تالىپلار كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باراتتى، هۆكۈمەت ئۇلارنىڭ بۇ 15 كۈنلۈك پائالىيەت خىراجىتىگە كېپىللىك قىلاتتى، تالىپلار يەنە بۇ كۈنلەردە ئىلمىي مۇهاكىمە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باراتتى، مۇدەررىسلەر ۋە فەس شەهىرىدىكى داڭلىق ئەربابلارمۇ ئۇنىڭغا داخىل بولاتتى، شېئىر ئوقۇش، ۋەز سۆزلەش سورۇنلىرى تۈزۈلەتتى، 15 كۈنلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنىسىدە دۆلەت پادىشاهى ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ، تالىپلارنىڭ سۈنغان تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا ئەمرى ـ پەرمان چۈشۈرەتتى. بۇ بىر يۈرۈش پائالىيەتلەردىن ئۆز ۋاقتىدا مەغرىب رايونىدا هاكىمىيەت تۇتقان پادىشاهنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە ۋە ئىلىم ئەهلىلىرىگە نەقەدەر ئەهمىيەت بېرىدىغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر مەدرىسىنىڭ يەنە بىر ئېسىل ئەنئەنىسى شۇكى، مەدرىسىدە تەلىم بېرىۋاتقان مۇدەررىس ئەگەر مەلۇم بىر كىتابنى ئوقۇتۇپ تاماملىغان بولسا، تالىپلار مۇدەررىسنى هۆرمەتلەش ۋە تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۇنى كۆتۈرۈپ چوڭ زالغا ئېلىپ چىقىپ جامائەتكە يۈز كۆرۈشتۈرۈپ تەبرىكلەيتتى، بۇمۇ تالىپلارنىڭ ئۆز ئۇستازىغا زور هۆرمەت ـ ئېهتىرام ۋە ئىززەت ـ ئىكرام قىلىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. يۇقىرىقىدەك ياخشى تەلىم ـ تەربىيە مۇهىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەزكۇر مەدرىسىگە كېلىپ ئىلىم تەهسىل قىلىدىغان تالىپلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىرمۇنچىلىغان ئالىم ـ ئۆلىمالار بۇ يەردە تەربىيىلىنىپ چىققاندى، قەرەۋىيىن مەسچىتى تەۋەلىكىدە قۇرۇلغان بۇ مەدرىسە(كېيىن ئالىي بىلىم يۇرتى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان) ئۆزىنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخى جەريانىدا ئىسلام ئىلىملىرىدىن تەلىم بېرىلىدىغان مەركەزدىن كېيىنكى ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى مەرتىۋىسىگە يۈكسەلگەن. تارىختا ئۆتكەن مەشهۇر ئۆلىمالاردىن تارىخشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناس ئىبنى خەلدۇن، ئىبنى خەتىب ۋە ئىبنى مەرزۇق قاتارلىق زاتلار ئۆز ۋاقتىدا بۇ مەدرىسىدە تەلىم ئالغانىكەن.

قەرەۋىيىن مەدرىسىسى ئۆزىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىن باشلاپلا مەسچىتتە ئىلىم هەلقەلىرىنى تۈزۈش بىلەن شۆهرەت قازانغان. تالىپلار، ئۆلىمالار ۋە فەقىهلەرنىڭ ئەتراپىدا هالقىسىمان چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئۇستازلىرىدىن تەلىم ئالاتتى، كېيىن هەر بىر ئىلىمگە خاس هەلقەلەر قۇرۇلىدىغان بولدى، تەلىم ـ تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇستاز ـ مۇدەررىسلەر مەشهۇر ئۆلىمالارنىڭ شاهادىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن هەلقە قۇرۇپ دەرس بېرىش سالاهىيەت شارائىتىگە ئىگە بولالايتتى، ئۇستاز ـ مۇدەررىسلەرگە مەسچىتنىڭ مەخسۇس ۋەخپىسىدىن مائاش ئاجرىتىپ بېرىلەتتى.


قەرەۋىيىن مەدرىسىسى مەغرىب رايونى ۋە ئافرىقىنىڭ غەربىي رايونىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنى يورۇتقان مەشئەل ئىدى، ئەسىرلەردىن بۇيان هاكىمىيەت تۇتقان ئەمىر، پادىشاهلارنىڭ زور ئىنايەت قىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ شانلىق نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ شۆهرەت قازانغان ئىدى. ئۇ ماراكەش(مەغرىب)تىكى ئەڭ قەدىمكى ئۇنىۋېرسىتېتلەردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەغرىب ئەللىرى، جۈملىدىن غەربىي ئافرىقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىسلامىي سالاهىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتا ناهايىتى مۇهىم رول ئوينىغان، ئۇ ئۇزاق يىللىق تارىخىي مۇساپىسىدە ئىسلام مەدەنىيىتىنى تارقىتىش ۋە راۋاج تاپقۇزۇش جەھەتتە زور تۆهپە قوشقان. ئۇ دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، تەلىم ـ تەربىيە ئىسلاهاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈردى، ئۇنى ئەنئەنىدىكى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن تەدرىجىي هالدا ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى تۈسىگە كىرگۈزۈشكە قاراپ يۈزلەندۈردى. ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋىي ئۇسۇل بويىچە، ئۆلىمالار تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ تالىپلارغا تارقىتىپ بېرىلىدىغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش شاهادەتنامىسىنىڭ ئورنىغا رەسمىي ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى بېرىلىدىغان بولدى. 1956 ـ يىلى ماراكەش

مۇستەقىللىققا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ماراكەش پادىشاھلىقىنىڭ قەرەۋىيىين ئۇنىۋېرسىتېتىغا بولغان ئىنايەت ـ رىئايىتى تېخىمۇ ئاشتى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى، مۇدەررىس ـ تالىپلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلاندى. قەرەۋىيىين ئۇنىۋېرسىتېتى ئەسلىدىكى قەرەۋىيىين مەسچىتىدە ھەلقە قۇرۇپ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىدىن باشقا يەنە جايلارغا ئوقۇتۇش بىناسى قۇرۇپ ئىنستىتۇتلارنى تەسىس قىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. ھازىر قەرەۋىيىين ئۇنىۋېرستېتى تۆت ئىنستىتۇتتىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار فىس شەھرىگە جايلاشقان ئىسلام شەرئىتى ئىنستىتۇتى، ماراكەشكە جايلاشقان ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتى، تېتۇان رايونىغا جايلاشقان ئىسلام دىنى ئاساسلىرى ئىنستىتۇتى ۋە ئەگادىر رايونىغا جايلاشقان ئىسلام شەرئىتى ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەتتۇر. يۇقىرىقى ئىنستىتۇتلاردا ئۆتىلىدىغان دەرسلىكلەرمۇ كونكرېتلاشتۇرۇلدى، ئۇلار ئىلمى قۇرئان، ھەدىس، تەپسىر، فىقھە ۋە فىقھە پرىنسىپلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى، ئىلمى ئەقىدە، ئىلمى شەرئەت ۋە ئىلمى قانۇن، سىياسىي ئىقتىساد، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام پىرقە ـ مەزھەپلىرى، ئىلمى كەلام، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى، ئەدەبىي تەنقىد، چەت ئەل تىلى(ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە ياكى ئىسپانچە تىلىدىن بىرى تاللىنىپ ئوقۇلىدۇ) قاتارلىقلاردۇر. ھازىر مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېت ماراكەش دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تالىپلارنى قوبۇل قىلىدۇ، چەت ئەلدىن كەلگەن تالىپلار ئاساسلىقى ماۋرىتانىيە، سېنېگال، نىگېرىيە، سېررالېئون، سۇدان، مالى، كامېرون، تايلاند، مالايسىيا، ئىئوردانىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئىبارەت.

ماراكەش پادىشاھلىقىنىڭ قەرەۋىيىين ئۇنىۋېرستېتىغا زور ئېتىبار بېرىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەزكۇر ئۇنىۋېرستېت ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى، تالىپلارنىڭ سانى ھازىر 7 مىڭدىن ئاشتى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇدەررىسلەرنىڭ سانى 130غا يەتتى. بۇ ئۇنىۋېرستېت ئۆزىنىڭ ئىلمىي، مەدەنىي رولىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرى، خەلقئارالىق ئىسلام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە زور ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، ئۇ يەنە مەكتەپكە تەۋە بولغان ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنى قۇرۇپ، مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرىگە ھەر جەھەتتىن قۇلايلىق تۇغدۇرۇپ بەرمەكتە. نەشرىيات ساھەسىدە، ئۇنىۋېرستېتنىڭ «قەرەۋىيىين» ناملىق قەرەللىك ژۇرنىلى بار. ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتىدا ئىسلام ئىلىملىرى ۋە ئىسلام پەلسەپىسىگە ئائىت كىتاب ـ ماتېرىياللار نەشر قىلىنىدۇ، باشقا ئەرەب ـ ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان مەدەنىيەت ھەمكارلىقى جەھەتتە، مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرستېتى ۋە تۇنىستىكى زەيتۇن ئۇنىۋېرستېتى بىلەن ئورناتقان مەدەنىيەت ھەمكارلىقى كېلىشىمى بار.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، قەرەۋىيىين ئۇنىۋېرستېتى ماراكەشتىكى ئەڭ قەدىمكى ئۇنىۋېرستېت بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلق ئارىسىدا ئەرەب تىلىنى قوغداپ قېلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسىدە ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنى تارقىتىش ۋە ئۇنى روناق تاپقۇزۇش يولىدا شانلىق تۆھپە قوشقان. ئۇ ھازىر يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى شانۇشەۋكىتىنى نامايان قىلىشقا ۋە مۇھىم رولىنى داۋاملىق تۈردە جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشماقتا.

(تەھرىرلىگۈچى :ھاجى بارات رەجەپ)



www.uyghurkitap.com



ئىسلام بىلىم گۈلزارى

# دىنىي بىلىملەرگە ئائىت كىتابلار ۋە ئۇلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى

مېھرىگۈل ئابلىز



ئىسلام دىنى ئىلىم ـ مەرىپەتنى قەدىرلەيدىغان، بىلىم ئىگىلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىندۇر. بىزگە مەلۇمكى بىلىم ئىگىلەش كىتاب ئوقۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا دائىر كىتابلارنى ئوقۇش دىنىي بىلىملەرنى ئىگىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. ئىسلام بىلىملىرى مۇسۇلمان بەندىنىڭ ھاياتى ۋە تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالەمشۇمۇل بىلىملەر بولۇپ، ئۇ بىزنى ھەرخىل يامان خىياللاردىن يىراقلىشىپ، پاكلىق، ۋىجدان بىلەن ياشاش، روھىي خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتۈش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جانابىي ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنى ماھىيىتى جەھەتتىن ئىلىم ئىگىلەشكە قادىر قىلىپ ياراتقان. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە ”ئىلىم“ سۆزى **271** جايدا تىلغا ئېلىنغان، ھەزرىتى رەسۇلۇللاھقا تۇنجى قېتىم كەلگەن ۋەھىيدىلا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.**

ــ سۈرە «ئەلەق» (**96** ـ سۈرە) **1**ــ **5** ـ ئايەتلەر

بۇ ۋەھىيدە ”ئوقۇغىن“ دېگەن سۆز تەكرارلانغان بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ مۇھىملىقى، ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ تەخىرسىز بىر پەرز ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بېرى مۇھىم دىنىي كىتابلار نەشىر قىلىنىپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ دىنىي بىلىملەرنى ئىگىلىشىگە ياخشى شارائىت يارىتىلدى، ئىسلام دىنى ھەققىدىكى كىتابلارنىڭ تۈرلىرى كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن كۇتۇپخانا خادىملىرى كۇتۇپخانىلاردا ئىسلام دىنىغا دائىر كىتابلارنى قانداق تۈرگە ئايرىش ۋە قانداق ئورۇنغا تىزىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ھازىرقى دەۋردە ئىسلام دىنى ھەققىدىكى كىتابلار كۆپلەپ نەشر قىلىنىۋاتقان، مەخسۇس دىنىي كىتابلارنى نەشر قىلىدىغان دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلار بارلىققا كېلىۋاتقان شارائىتتا كۇتۇپخانىلارمۇ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ماس ھالدا ئۆستۈرۈشى لازىم. دىنىي كىتابلارنى ئۆزىنىڭ تېمىسى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە تۈرگە ئايرىپ، مۇۋاپىق ئورۇنغا تىزىپ، دىنىي قېرىنداشلارنىڭ ئۆزىگە كېرەكلىك بولغانلىرىنى دەل ۋاقتىدا تېپىپ ئوقۇشىغا ئاسانلىق يارىتىش بىز كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى، ئەلۋەتتە.

ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى كىتابلارنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن:

**1**. ئىسلامنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى: قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەر؛ **2**. دىن ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە باشقا ھەرخىل تەپسىر كىتابلار؛ **3**. دىنىي دەۋەتلەرنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان كىتابلار؛ **4**. ئىسلام دىنى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك كىتابلار؛ **5**. ئىسلام دىنى پەلسەپىسى توغرىسىدىكى كىتابلار؛ **6**. ئىسلام تارىخى توغرىسىدىكى كىتابلار؛ **7**. ئىسلام دۇنياسىدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى؛ **8**. ۋەز ـ نەسىھەت كىتابلىرى؛ **9**. ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر؛ **10**. ئىسلام دىنى ھەققىدىكى قۇرال كىتابلار، يەنى لۇغەتلەر، پايدىلىنىش قوللانمىلىرى قاتارلىقلار.

بۇندىن باشقا يەنە مەلۇم تۈرگە تەۋە قىلىش بىرقەدەر قىيىن بولغان كىتابلارمۇ مەۋجۇت.

كۇتۇپخانىلاردا ئادەتتە ئىسلامنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەر ئۇدۇللا دىنىي كىتابلار دېگەن جايغا تىزىلىدۇ، بۇ كىتابلارنى قايسى تۈرگە ئايرىپ، كۇتۇپخانىدا قايسى ئورۇنغا تىزىش ھەققىدە باشقا تالاش ـ تارتىشلارنى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. شۇڭا كۇتۇپخانىلارنىڭ دىنىي كىتابلار تىزىملىكىدىن ئاسانلا ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ، ياكى دىنىي كىتابلار تىزىلغان جاھازدىن تېپىش ئاساندۇر. دىن ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلغان كىتابلار، «قۇرئان كەرىم»نىڭ پارىلىرى ۋە نۇقتىلىق ئايەتلىرى توغرىسىدىكى ھەرخىل تەپسىر كىتابلارمۇ ئاساسەن «قۇرئان كەرىم» بىلەن بىر قاتارغا تىزىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا بۇ تۈردىكى كىتابلارنىمۇ تېپىش قىيىن ئەمەس. لېكىن دىنىي ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئاساس قىلغان كىتابلار دائىم باشقا تۈرلەرگە ئايرىلىپ، دىنىي مەزمۇندا بولمىغان كىتابلار بىلەن بىر قاتارغا تىزىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن، رىزائىددىن ئىبنى فەخرۇددىنىنىڭ «ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرى» دېگەن كىتابى دىنىي ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا يېزىلغان، دىنىي تۈسى قويۇق كىتاب بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەزى كۇتۇپخانىلاردا دائىم تۇرمۇش بىلىملىرى ياكى جەمئىيەتشۇناسلىق توغرىسىدىكى كىتابلار قاتارىغا تىزىپ قويۇلغان. بەزىلەر بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى ۋە تۈزۈلۈشىدىن ئىبارەت سىرتقى ھالىتىگە قاراپلا ئۇنى دىنىي كىتابلاردىن پەرقلىق دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن بىز بۇ كىتابنىڭ تەپەككۇر شەكلى، چىقىش نۇقتىسى، تۈپكى خاھىشى ۋە قىممەت قارىشىدىن ئۇنىڭ دىنىي ئەدەپ ـ ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدىغان كىتاب ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. بۇ خىل كىتابلارنى تۈرگە ئايرىشتا كىتابنىڭ قىممەت ئاساسى ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىش زۆرۈردۇر.

دىنىي بىلىملەرنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان كىتابلار ھەرخىل بولۇپ، بەزىلىرى دىن ھەققىدە بىۋاسىتە توختالسا، بەزىلىرى دىنىي بىلىملەرنى ھەرخىل بەدىئىي يوللار بىلەن، مەسىلەن، ھېكايە ۋە تەمسىل بىلەن ھېكمەت سۆزلەش، پاكىت كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئېتىقاد ۋە دىنىي ئەخلاقنىڭ ئىنسان ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ بەزىلەر ئۇنى ئەدەبىي ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تەشەببۇس قىلىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ خىل كىتابلارنىڭ ئاساسىي روھى دىنىي بىلىملەر بولسىلا مېنىڭچە ئۇنى دىنىي كىتابلار بىلەن بىر قاتارغا تىزغان مۇۋاپىق.

ئىسلام دىنى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك كىتابلار ئادەتتە دىنىي كىتاب دەپ قارىلىدۇ، لېكىن ئىسلام دىنى پەلسەپىسى توغرىسىدىكى كىتابلارنى قايسى تۈرگە تەۋە قىلىپ، قانداق كىتابلار بىلەن بىرگە تىزىش ھەققىدە بەزى ئىختىلاپلار مەۋجۇت. بەزىلەر بۇ كىتابلارنى پەلسەپىۋى كىتابلار بىلەن بىر قاتارغا تىزىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان، ياڭ چىچېن، ياڭ ساۋساڭلار تۈزگەن، ئوبۇل ئىسلام تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىمدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر» ناملىق كىتاب بەزى كۈتۈپخانىلاردا باشقا پەلسەپىۋى كىتابلار بىلەن بىر جايغا تىزىپ قويۇلغان. بۇ كىتاب ئارىيەت ئالغۇچىلارغا قۇلايسىزلىق تۇغدۇرىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئىسلام پەلسەپىسى توغرىسىدىكى كىتابنى پەلسەپە كىتابلىرى بىلەن بىر تۈردە دەپ ئويلىمايدۇ-دە، بۇ كىتابلارنىڭ پەلسەپىۋى كىتابلار بىلەن بىر قاتارغا تىزىلغانلىقىنى بىلمەي باشقا جايلاردىن ئىزدەپ ئاۋارە بولىدۇ.

ئىسلام تارىخى توغرىسىدىكى كىتابلارنى قەيەرگە تىزىش ھەققىدىمۇ بەزىدە كۈتۈپخانا خادىملىرى ئارىسىدا تالاش-تارتىش كۆرۈلۈپ قالىدۇ. بەزى كۈتۈپخانىلاردا تارىخ ھەققىدىكى كىتابلار جۇڭگو تارىخى، دۇنيا تارىخى ۋە يەرلىك تارىخ ھەققىدىكى كىتابلار دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. دىن تارىخى ھەققىدىكى كىتابلار دائىم يەرلىك تارىخ دائىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، يەرلىك تارىخ ھەققىدىكى كىتابلار تىزىلىدىغان ئورۇنغا تىزىلىۋاتىدۇ. بەزى كۈتۈپخانىلار ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياۋى چوڭ دىن ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىسلام تارىخى ھەققىدىكى كىتابلارنى دۇنيا تارىخى توغرىسىدىكى كىتابلار بىلەن بىر تۈر قىلىپ تىزىۋاتىدۇ. مەسىلەن، 1997- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتاب دۇنيا تارىخى توغرىسىدىكى كىتابلار بىلەن بىر رەتكە تىزىلغان بولسا، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان، ھاجى نۇر ھاجى بىلەن چېن گوگۇاڭ يازغان «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ناملىق كىتاب يەرلىك تارىخ كىتابلىرى بىلەن بىر قاتارغا تىزىلغان. گەرچە بۇ كىتابلار ھەممىسى تارىخ توغرىسىدىكى كىتابلار بولسىمۇ، تېپىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن يەنىلا دىنىي كىتابلار بىلەن بىر يەرگە تىزىلغىنى ياخشى.

كۈتۈپخانا خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن قۇلايلىق يارىتىش بولغاچقا، ئىمكانىيەت يار بەرسە دىنغا دائىر كىتابلارنىمۇ تېخىمۇ ئىنچىكىلىگەن ھالدا تۈرگە ئايرىش لازىم. مەسىلەن، ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتابلار قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف، دىنىي بىلىملەر، تەپسىر كىتابلار، ئىسلام دىنى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك كىتابلار، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام تارىخى، ئىسلام دۇنياسىدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر، ئىسلام ئەدەبىياتى...قاتارلىق كىچىك تۈرلەرگە ئايرىپ تىزىلسا كىتابلارنى ئىزدەپ تېپىش تېخىمۇ قۇلاي ۋە ئاسان بولىدۇ. ئىسلام دىنىغا دائىر بارلىق كىتابلارنى مەلۇم بىر چوڭ دائىرە ئىچىگە تىزىپ، ئاندىن ئۇنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىچىك تۈرلەر بويىچە بەلگە قويۇپ ئايرىش تامامەن مۇمكىن.

ئىسلام دۇنياسىدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى قايسى دائىرىگە قويۇش ھەققىدىمۇ ئىختىلاپلار بىرئاز كۆپرەك. بەزىلەر بۇ خىل كىتابلاردا شەخسلەرنىڭ تارىخىي ئاساس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى تارىخ كىتابلىرى بىلەن بىر قاتارغا تىزىش، مەسىلەن، دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەرنى دۇنيا تارىخى توغرىسىدىكى كىتابلار بىلەن، شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر دىنىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىنى يەرلىك تارىخ توغرىسىدىكى كىتابلار بىلەن بىر رەتكە قويۇش لازىم دەپ قارايدۇ. بەزى كۈتۈپخانىشۇناسلار بولسا بۇ خىل كىتابلارنى بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولسا ئەدەبىي ئەسەرلەر قاتارىغا تىزىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، مەيلى ئۇنىڭدا نوقۇل تارىخ بايان قىلىنسۇن، ياكى بەدىئىيلىك بىلەن جانلاندۇرۇلسۇن، بۇ كىتابلار دىنىي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى مەقسەت قىلغان، دىنغا تەشنا قەلبلەرنى

نۇرلاندۇرۇپ، ھىدايەت يولىغا باشلايدىغان كىتابلار بولسىلا، ئۇلارنى تارىخىي ياكى ئەدەبىي كىتابلار ئارىسىغا تىزماي، يەنىلا دىنىي كىتابلار بىلەن بىر قاتارغا تىزىش دۇرۇستۇر.

ئۇندىن باشقا يەنە ئىسلام دىنى ھەققىدىكى قۇرال كىتابلار، يەنى لۇغەتلەر، پايدىلىنىش قوللانمىلىرى قاتارلىقلارنى تۈرگە ئايرىشتىمۇ كۇتۇپخانىشۇناسلار ئارىسىدا ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت. مەسىلەن، ئىسلام دىنى ھەققىدىكى لۇغەت خاراكتېرلىك كىتابلىرىنى ئىزاھلىق لۇغەتلەر قاتارىغا ياكى تەرجىمە لۇغەتلىرى قاتارىغا قويۇش كېرەكمۇ ۋە ياكى بىراقلا دىنىي بىلىملەر توغرىسىدىكى كىتابلار قاتارىغا تىزىش كېرەكمۇ دېگەندەك. بەزى كۇتۇپخانىلاردا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج پائالىيەتلىرى»، «ھەج قىلغۇچىلار قوللانمىسى» قاتارلىق كىتابلار ساياھەت قوللانما كىتابلىرى بىلەن بىر قاتارغا تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ ھەجنى بىر خىل مۇقەددەس دىنىي پائالىيەت دەپ قارىماستىن خاتا ھالدا بىر خىل ساياھەت دەپ قاراشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئەھۋال دىنىي كىتابلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ كۇتۇپخانا خادىملىرىدىن يەنە ئاز-تولا دىنىي بىلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇندىن باشقا يەنە مەلۇم تۈرگە تەۋە قىلىش بىرقەدەر قىيىن بولغان كىتابلارمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن «نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنىڭ سىرى» ناملىق كىتابتا ھەم ئارخېئولوگىيە ياتىدىغان، ھەم دىنغا دائىر مەزمۇنلارمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىدىن باشقا ساماۋى دىنلاردىمۇ پەيغەمبەر ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئەجدادى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا بۇ كىتابنى ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى كىتابلار قاتارىغا تىزىش تىزماسلىقتا ياخشى ئويلىنىش ياكى بىر قارارغا كېلەلمىگەندە مۇناسىۋەتلىك ئىسلام ئالىملىرىدىن مەسلىھەت سوراش كېرەك. بەزى كۇتۇپخانىلاردا بۇ كىتاب ئىلىم-پەن يېڭىلىقلىرى توغرىسىدىكى كىتابلار بىلەن بىر قاتارغا تىزىلغان، بەزى كۇتۇپخانىلاردا بولسا ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ توغرىسىدىكى كىتابلار قاتارىغا تىزىلغان. ئۇندىن باشقا فولكلورغا دائىر بەزى كىتابلار ئىسلام دىنى ھەققىدىكى دىنىي كىتابلار قاتارىغا تىزىپ قويۇلغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئەسەت سۇلايماننىڭ «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، ئابدۇبەسىر شۈكۈرنىڭ «پالنامە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى»، راخمان ئابدۇرېھىمنىڭ «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم» ناملىق كىتابى گەرچە ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىسى توغرىسىدىكى كىتابلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئۇيغۇرلار ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى دىنىي چۈشەنچىلەر بايان قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، شامانىزم، توتېمغا ئىشىنىش ئىسلام دىنىدا باتىل ئېتىقاد دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا بۇ كىتابلارنى ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتابلار بىلەن ئارىلاشتۇرماي، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئائىت كىتابلار بىلەن بىر قاتارغا تىزسا مۇۋاپىق.


كۇتۇپخانا خادىملىرى كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ۋە رەتكە تۇرغۇزۇشتا مۇئەييەن كۇتۇپخانىچىلىق بىلىمى ھازىرلىغاندىن سىرت يەنە ھەرقايسى تۈرلەر ھەققىدىمۇ بەزى بىلىملەرنى ھازىرلىشى زۆرۈر. شۇندىلا كىتابلارنى خاتا ھۆكۈم قىلىپ، ئۆلچەمسىز تىزىپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتابلارنى رەتكە تىزغاندا چوقۇم مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ كىتابلاردىن پايدىلىنىپ دىنىي بىلىملەرنى ئىگىلىشىنى قۇلايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەشنى ئاساس قىلىش لازىم. مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ دىنىي بىلىملەرنى ئىگىلىشىگە ئاسانلىق يارىتىشمۇ بىر خىل ساۋابلىق ئىشتۇر.

(ئاپتور:مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى كۇتۇبخانىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى:ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

www.uyghurkitap.com



# ئىسلام لۇغىتى



**ئەلھەمدۇلىللاھ(الحمدُ لِله)**: ھەمدۇسانا، شۇكۇر ئېيتىش ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، پۈتۈن نېمەتلەر ئاللاھقا خاستۇر دېگەن مەنىدە كەلگەن بۇ مۇبارەك سۆز ’ھەمدەلە‘ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەلھەمدۇلىللاھ دېيىش شۇكۇر قىلىشنىڭ بېشىدۇر، ئاللاھ تائالاغا شۇكۇر قىلمىغان كىشى ئاللاھقا ھەمدە ئېيتمايدۇ(ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتمىغان ھېسابلىنىدۇ). زىكىر قىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ئەلھەمدۇلىللاھ دېمەكتۇر(«كۈنۈزۈل ھەقايىق»). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:”**مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدە بەش ھەققى بار، ئۇلار: بىرىلگەن سالامغا ئىلىك ئەتمەك، كېسەللەرنى يوقلىماق، جىنازا نامازغا داخىل بولماق، مېھمانغا چاقىرىلغان يەرگە بارماق ۋە چۈشكۈرگەندە ئەلھەمدۇلىللاھ دېيىلگەندە يەرھەمۇكەللاھ دەپ جاۋاب قايتۇرماقتىن ئىبارەت**“ (بۇخارى توپلىغان)؛”**دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشنىڭ ھەممىسىنى ’ئەلھەمدۇلىللاھ‘ دەپ باشلىمىسا، ئۇنىڭدا بەرىكەت بولمايدۇ**“؛”**تاماق يەپ بولۇپ ’ئەلھەمدۇلىللاھ‘ دېگەن بەندىدىن ئاللاھ رازى بولىدۇ**“.

مۇسۇلمان بەندىنىڭ ھەرقانداق ئىشنى ئالدى بىلەن ’بىسمىللاھ‘دەپ باشلىشى’ئەلھەمدۇلىللاھ‘ دەپ ئاخىرلاشتۇرۇشى ئەۋزەلدۇر.

**سۇبھانەللاھ(سبحانَ الله)**: ئاللاھ تائالانى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن دېگەن مەنىدە بولغان قىممەتلىك بىر سۆز. سۇبھانەللاھ دېمەك تەۋبىنىڭ ئاچقۇچىدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنىڭ پەزىلىتى ئۈستىدە توختىلىپ:”**كىمكى ھەر نامازدىن كېيىن ئاللاھقا 33قېتىم تەسبىھ ئېيتسا، 33قېتىم ھەمدە ئېيتسا، 33قېتىم تەكبىر ئېيتسا، ئاخىرىدا بىر قېتىم تەھلىل ئېيتىپ يۈزگە توشقۇزسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ**“ دەيدۇ.

سۇبھانەللاھنى كۆپ ئېيتىش گۇناھلاردىن ۋە يامان ئىللەتلەردىن خالاس بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ، شۇڭا ئۇ قىيامەت كۈنىسى تارازا ـ مىزاندا ئېغىر بولۇپ، بەندىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى توشقۇزىدۇ، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدۇ، سۇبھانەللاھ دېگەن ۋە ھەمدە ئېيتقان مۇسۇلماننى جانابىي ھەق يامان ئىشلاردىن يىراق قىلىدۇ، كۆپ نېمەت ـ ئېھسانغا نائىل قىلىدۇ. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**تاھارەت ئىماننىڭ يېرىمىدۇر، ئەلھەمدۇلىللاھ(بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر) مىزاننى توشقۇزىدۇ. سۇبھانەللاھ(ئاللاھ تائالانى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن) ۋە ئەلھەمدۇلىللاھ دېيىش مىزاننى توشقۇزىدۇ ياكى ئۇنىڭ**



**ساۋابى ئاسمان-زېمىن ئارىسىنى توشقۇزىدۇ. ناماز نۇردۇر، سەدىقە قىلىش بولسا ھۆججەتتۇر(سەدىقە قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىگە پاكىتتۇر)...»**( مۇسلىم توپلىغان) . يەنە مۇنداق دېگەن: ‹‹**تىل بىلەن ئېيتىشتا يەڭگىل، نامۇئەملىنى تارتىدىغان تارازادا ئېغىر كېلىدىغان ئىككى كەلىمە سۆز بار، ئۇ: ‹ئاللاھنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە مەدھىيىلەيمەن ۋە ئۇلۇغ ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن› دېگەنلىكتىن ئىبارەت››** .

‹‹**سۇبھانە رەببىكە**››( سُبحانَ رَبِّكَ ) دېگەن ئايەت توغرىسىدا ــ قۇرئان كەرىمدىكى سۈرە«سافات»نىڭ **180** ــ **182** ـ ئايەتلىرىدە زىكىر قىلىنغان ‹‹سۇبھانە رەببىكە›› ئايەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە مەنىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: ‹‹**قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!**›› . مۇسۇلمان بەندىنىڭ قۇرئان كەرىم تىلاۋىتىدىن ياكى دۇئادىن كېيىن ‹‹سۇبھانە رەببىكە›› دېگەن ئايەتنى ئوقۇشىنىڭ ناھايىتى ساۋابلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆلىمالار تىلغا ئالىدۇ. ‹‹تەفسىر بەغەۋي››دە ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ‹‹كىمكى قىيامەت كۈنى مول ئەجىرگە مۇشەررەپ بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ھەر مەجلىستىن ئايرىلىش ئالدىدا دەيدىغان ئاخىرقى سۆزى: ‹سۇبھانە رەببىكە› ئايەتلىرى بولسۇن›› .يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: ‹‹ھەركىم ئۆزىگە مول ساۋاب بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ھەربىر سۈرە ۋە ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغاندىن كېيىن دەيدىغان ئاخىرقى سۆزى مەزكۇر سۈرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايەتلىرى( قوشۇپ ئوقۇش) بولسۇن›› .

‹‹**سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا**››( سُبحانَ ربِّي الأعْلَى ) ــ سەجدىدە ئېيتىلىدىغان دۇئا بولۇپ، مەنىسى: ‹‹ئەڭ بۈيۈك مەرتىۋىلىك پەرۋەردىگارىم ئاللاھنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن›› دېگەنلىك بولىدۇ. نامازدا سەجدىگە بارغاندا ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم مەزكۇر دۇئا ئوقۇلىدۇ.

‹‹**سۇبھانە رەببىيەل ئەزىيم**››( سبحانَ ربِّيَ الْعَظِيم ) ــ رۇكۇدا قىلىنىدىغان دۇئا بولۇپ، مەنىسى: ‹‹ئەڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ئاللاھنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن›› دېگەنلىك بولىدۇ. نامازدا رۇكۇغا بارغاندا ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم مەزكۇر دۇئا ئوقۇلىدۇ.

‹‹**سۇبھانەكە**››( سُبْحَانَكَ ) ــ نامازغا شۇرۇئ بولغاندىن( باشلىغاندىن) كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا بولۇپ، ئوقۇلۇشى: ‹‹سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تائالا جەددۇكە ۋە لائىلاھە غەيرۇكە›› . مەنىسى: ‹‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنى جىمى نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، پۈتۈن ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، نامىڭ ئۇلۇغ، شەنىڭ ئۈستۈندۇر ۋە سېنىڭدىن ئۆزگە ھەقىقىي ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر›› .

(تەييارلىغۇچى: ئادىل ھاجى)

www.uyghurkitap.com

## خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر

### جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن مەككە مۇكەررەمەدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئىسلام دىنى مۇلاقات يىغىنىغا قاتناشتى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل مۇھسىن تۈركىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇسا چېن يۈلۇڭ قاتارلىقلار 2008-يىلى 6-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 6-كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئىسلام دىنى مۇلاقات يىغىنىغا قاتناشتى.

بۇ يىغىن ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولغان يىغىن بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى بۇ قېتىملىق يىغىنغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىنغا ئىراننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى رافسانجانى، مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى شەيخى مۇھەممەد سەييىد تەنتاۋى قاتارلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى داڭلىق سىياسىي ئەربابلار، مەشھۇر ئالىم ۋە پەيلاسوپلار بولۇپ 500دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىن جەمئىي ئۈچ كۈن داۋاملىشىپ، دۇنيادا ھازىر ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇلاقات مەسىلىسى كەڭ مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە ئورتاق تونۇشقا كېلىندى. يىغىن ئاخىرىدا "مەككە مۇكەررەمەنىڭ چاقىرىقى" دېگەن تېمىدا يىغىن قارارى ماقۇللاندى. (ب.رەجەپ)

### ئىراننىڭ ئالىي باش تەپتىشى دۇۋر نەجەف ئابادى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2008-يىلى 6-ئاينىڭ 16-كۈنى ئىراننىڭ ئالىي باش تەپتىشى دۇۋر نەجەف ئابادى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستاپا ياڭ جىبو قاتارلىق رەھبەرلەر مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. (ب. رەجەپ)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

### جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ تۇنجى نۆۋەتلىك خۇيزۇ سودىگەرلىرى(نىڭشيا) يىغىنى ۋە مۇسۇلمان كارخانىچىلار(يىڭچۈەن) ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2008-يىلى 6-ئاينىڭ 18-كۈنى "خۇيزۇ سودا مەدەنىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سودا-ئىقتىساد ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش" تېمىسىدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك خۇيزۇ سودىگەرلىرى(نىڭشيا) يىغىنى ۋە مۇسۇلمان كارخانىچىلار (يىڭچۈەن) ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى گوۋۇيۈەنىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا يىڭچۈەن شەھەرلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى لياڭ جيۇ رىياسەتچىلىك قىلدى، شەھەر باشلىقى ۋاڭ رۇگۇي ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە يىغىندا سۆز قىلىپ، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى ۋە مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. (ب. رەجەپ)

### جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ قاتارلىقلار سىچۈەننىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان جايلىرىدا ھال سوراش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىدە بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2008-يىلى 6-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ باشچىلىقىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى نەبىل ما جۇڭپىڭ، ئىمادىددىن ۋېن جيەن قاتارلىق بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان ھال سوراش ئۆمىكى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ دۇجاڭيەن، شىفاڭ، بېيچۈەن، چىڭچۈەن قاتارلىق ئاپەتكە ئۇچرىغان شەھەر ۋە ناھىيىلىرىگە بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلاردىن ھال سورىدى ھەمدە يەتتە مەسچىتنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. (ب.رەجەپ)

## ئىسلام مائارىپى

### جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى 2004-يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى 2004-يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى 2008-يىلى 6-ئاينىڭ 12-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 4-مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى جاڭ جيەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىقلار ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بارلىق ئۇستاز-تالىپلىرى قاتناشتى. بۇ قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپ

22نەپەر(ئەسلى 29 نەپەر بولۇپ، يەتتە نەپەر تالىپ ئالدىن تاللاپ چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن) بولۇپ، ئۇلار خېبېي، شەندۇڭ، خېنەن، ئىچكى موڭغۇل، خېيلۇڭجياڭ، نىڭشيا، شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي، سىچۈەن، لياۋنىڭ، تيەنجىن قاتارلىق 13 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەردىن كەلگەن خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇلار تۆت يىللىق ئوقۇش جەريانىدا كەسپىي دەرس ۋە مەدەنىيەت دەرسلىرىدىن 12خىل تۈر بويىچە 26 خىل دەرس ئوقۇدى. مۇراسىمدا مۇئاۋىن رەئىس ئادىل ھاجى كېرەم ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تالىپلارنىڭ تۆت يىللىق ئوقۇش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىپ، ھەرخىل مەزمۇندىكى نومۇرلارنى كۆرسەتتى. رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن تالىپلارنىڭ كۆرسەتكەن نومۇرلىرىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، تالىپلاردىن جەمئىيەتكە يۈزلەنگەندىن كېيىن ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشتە چىڭ تۇرۇش؛ ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى ۋە بۇرچىنى ئۇنتۇماسلىق؛ ئۆزلۈكسىز ھالدا دىنى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش سەۋىيىسى ۋە سىياسىي ساپانى ئۆستۈرۈش؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇش روھىدا چىڭ تۇرۇش؛ ئومۇملۇق قارىشىنى تىكلەپ، ھەر ۋاقىت ھەمكارلىشىش روھىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىرىدا مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى جاڭ جيەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا ۋاكالىتەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلارنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد ـ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇراسىمغا قاتناشقان رەھبەرلەر ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى ۋە خاتىرە بۇيۇم تارقىتىپ بەردى ھەمدە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. (ب. رەجەپ)

**مەكىت ناھىيىسىدە دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش 1- قارارلىق كۇرسى باشلاندى**

مەكىت ناھىيىسىنىڭ 2008 ـ يىللىق 1 ـ قارارلىق دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى كۇرۇسقا مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىمام، خاتىپلاردىن تەشكىللەنگەن 50 نەپەر كۇرسانت قاتناشقان بولۇپ، يەتتە كۈن تەربىيىلىنىدۇ.
(ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

**تۆھپىكار دىنىي زاتلار**

**قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەرساھە دىنىي زاتلار ئاپەت رايونىغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى**

قەشقەر شەھىرى:15مىڭ68يۈەن(دىنىي زات695نەپەر)؛
كوناشەھەر ناھىيىسى:12مىڭ900يۈەن(دىنىي زات781نەپەر)؛
يېڭىشەھەر ناھىيىسى:14مىڭ892يۈەن(دىنىي زات825نەپەر)؛
پەيزاۋات ناھىيىسى:13مىڭ 467يۈەن(دىنىي زات827نەپەر)؛
يېڭىسار ناھىيىسى:11مىڭ 892يۈەن(دىنىي زات725نەپەر)؛ يوپۇرغا ناھىيىسى:9مىڭ 800يۈەن(دىنىي زات512نەپەر)؛ مەكىت ناھىيىسى:10مىڭ يۈەن(دىنىي زات462نەپەر)؛ يەكەن ناھىيىسى: 64مىڭ718يۈەن(دىنىي زات2119نەپەر)؛ قاغىلىق ناھىيىسى:10مىڭ 950يۈەن(دىنىي زات521نەپەر)؛ پوسكام ناھىيىسى:19مىڭ 347يۈەن(دىنىي زات533نەپەر)؛ مارالبېشى ناھىيىسى:1مىڭ 300يۈەن(دىنىي زات600نەپەر)؛

▼ئاۋات ناھىيە تامتوغراق يېزا تەۋەسىدىكى 7 ـ كەنت 2 ـ گۇرۇپپا خانىقاسى قاتارلىق 45 مەسچىت ـ خانىقالار ۋە مامۇت ئەمەت ھاجى قاتارلىق دىنىي زاتلار يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنچۈەن ناھىيىسىگە 13مىڭ 165يۈەن ئىئانە قىلدى. (ھەسەن داۋۇت)

▼ئۇچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزىسىدىكى82نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات، 69نەپەر دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە ئېتىقادچى ئامما يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونغا 10مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. (ئەھەت مۆمىن، ئۆمەرجان ئەيسا)

▼يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى 51 ـ تۈەندىكى دىنىي زاتلار، تۈەن بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 7مىڭ 222 يۈەن ئىئانە توپلاپ، ۋېنچۈەن ناھىيىسىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى.
(ھەسەنجان قۇربان، غېنى روزى)

**ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار**

▼قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزا ئاياغ سايباغ 7 ـ كەنتتە تېرىلغۇ يەر كۆپ، ئەمما سۇ قىس بولغاچقا، دېھقانلار بىر كۆز قۇدۇق كولاش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. بۇ كەنتتىكى دىنىي زات ئابدىراخمان مامۇت، يەككە تىجارەتچىلەردىن مەخسۇم مەمتىلى، ھەسەنجان سالاھىدىن، ئىمىنجان سەمەت، قۇربانجان ئابدۇرېشىت قاتارلىق 17نەپەر ساخاۋەتچىلەر 51مىڭ يۈەن نەخ پۇل چىقىرىپ بۇ قۇرۇلۇشنى يېقىندىن قوللىدى.
(ھاپىزجان مۇھەممەت)

▼توقسۇ ناھىيە يۇلتۇزباغ بازىرىغا قاراشلىق سۇپادۆڭ كەنت 6 ـ گۇرۇپپا ئەزاسى نىياز ئىسلام يېقىندا قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانىدى. بۇ مەزگىلدە داۋالىنىش راسخوتى يېتىشمەي قىينىلىپ قالغاندا، شۇ كەنت ئىمامى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات روزى توقا ھاجىم مەسچىت ھەيئەتلىرى ۋە قوشنا كەنتتىكى مۇسۇلمان ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 9000 يۈەن ئىئانە توپلاپ، نىياز ئىسلامنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەمدە بولدى.
(ئېزىز كېۋىر)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ھجرىيە 1429-يىللىق رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋاقت جەدۋلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| رامزان | مىلادىيە 2008-يىل | ھەپتە كۈنلىرى | سۇھۇر ۋاقتى | تاڭ سۈزۈلۈش | كۈن چىقىش | پېشىن | ئەسر | شام ۋە ئىپتار | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 9 ـ 2 | سەيشەنبە | 3:57 | 3:05 | 5:39 | 12:20 | 15:48 | 18:46 | 19:28 |
| 2 | 3 | چارشەنبە | 3:58 | 3:06 | 5:40 | 12:20 | 15:47 | 18:44 | 19:26 |
| 3 | 4 | پەيشەنبە | 3:59 | 3:07 | 5:41 | 12:20 | 15:46 | 18:42 | 19:24 |
| 4 | 5 | جۈمە | 4:00 | 3:08 | 5:42 | 12:20 | 15:45 | 18:40 | 19:22 |
| 5 | 6 | شەنبە | 4:01 | 3:09 | 5:43 | 12:20 | 15:44 | 18:38 | 19:20 |
| 6 | 7 | يەكشەنبە | 4:02 | 3:10 | 5:44 | 12:20 | 15:43 | 18:36 | 19:18 |
| 7 | 8 | دۈشەنبە | 4:03 | 3:11 | 5:45 | 12:20 | 15:42 | 18:34 | 19:16 |
| 8 | 9 | سەيشەنبە | 4:04 | 3:12 | 5:46 | 12:20 | 15:41 | 18:32 | 19:14 |
| 9 | 10 | چارشەنبە | 4:05 | 3:13 | 5:47 | 12:20 | 15:40 | 18:30 | 19:12 |
| 10 | 11 | پەيشەنبە | 4:06 | 3:14 | 5:48 | 12:20 | 15:3 | 18:28 | 19:10 |
| 11 | 12 | جۈمە | 4:07 | 3:15 | 5:49 | 12:20 | 15:38 | 18:26 | 19:08 |
| 12 | 13 | شەنبە | 4:08 | 3:16 | 5:50 | 12:20 | 15:37 | 18:24 | 19:06 |
| 13 | 14 | يەكشەنبە | 4:09 | 3:17 | 5:51 | 12:20 | 15:36 | 18:22 | 19:05 |
| 14 | 15 | دۈشەنبە | 4:10 | 3:18 | 5:52 | 12:20 | 15:35 | 18:20 | 19:04 |
| 15 | 16 | سەيشەنبە | 4:11 | 3:19 | 5:53 | 12:20 | 15:34 | 18:18 | 19:02 |
| 16 | 17 | چارشەنبە | 4:12 | 3:20 | 5:54 | 12:20 | 15:33 | 18:17 | 19:01 |
| 17 | 18 | پەيشەنبە | 4:13 | 3:21 | 5:55 | 12:20 | 15:32 | 18:16 | 19:00 |
| 18 | 19 | جۈمە | 4:14 | 3:22 | 5:56 | 12:20 | 15:31 | 18:15 | 18:59 |
| 19 | 20 | شەنبە | 4:15 | 3:23 | 5:57 | 12:20 | 15:30 | 18:13 | 18:57 |
| 20 | 21 | يەكشەنبە | 4:16 | 3:24 | 5:58 | 12:20 | 15:29 | 18:12 | 18:56 |
| 21 | 22 | دۈشەنبە | 4:17 | 3:25 | 5:59 | 12:20 | 15:28 | 18:10 | 18:55 |
| 22 | 23 | سەيشەنبە | 4:18 | 3:26 | 6:00 | 12:20 | 15:27 | 18:09 | 18:54 |
| 23 | 24 | چارشەنبە | 4:19 | 3:27 | 6:01 | 12:20 | 15:26 | 18:08 | 18:53 |
| 24 | 25 | پەيشەنبە | 4:20 | 3:28 | 6:02 | 12:20 | 15:25 | 18:06 | 18:51 |
| 25 | 26 | جۈمە | 4:21 | 3:29 | 6:03 | 12:20 | 15:24 | 18:04 | 18:49 |
| 26 | 27 | شەنبە | 4:22 | 3:30 | 6:04 | 12:20 | 15:23 | 18:02 | قەدرى كېچىسى |
| 27 | 28 | يەكشەنبە | 4:23 | 3:33 | 6:05 | 12:20 | 15:22 | 18:00 | 18:45 |
| 28 | 29 | جۈمە | 4:24 | 3:34 | 6:06 | 12:20 | 15:21 | 17:59 | 18:43 |
| 29 | 30 | شەنبە | 4:25 | 3:35 | 6:07 | 12:20 | 15:20 | 17:58 | 18:41 |
| 30 | 10 ـ 1 | يەكشەنبە | 4:26 | 3:36 | 6:08 | 12:20 | 15:19 | 17:57 | 18:39 |
| شەۋۋال | 2 | روزا ھېيت | | | 6:09 | 2:20 | 15:18 | 17:55 | 18:37 |

### ئۈرۈمچى شەھرى بىلەن ۋاقت جەھەتتىن پەرقلىنىپ، سۇھۇر ۋاقتى ۋە ئىپتار ۋاقتى بۇرۇن ـ كېيىن كېلىدىغان شەھەرلەر

| ئۈرۈمچى شەھرىدىن | مىنۇت بۇرۇن | ئۈرۈمچى شەھرىدىن | مىنۇت كېيىن |
|---|---|---|---|
| ئالتاي شەھرى | 19 | خوتەن شەھرى | 49 |
| | | قەشقەر شەھرى | 58 |
| قۇمۇل شەھرى | 6 | ئاتۇش شەھرى | 57 |
| | | ئاقسۇ شەھرى | 35 |
| تۇرپان شەھرى | 5 | غۇلجا شەھرى | 28 |
| | | كورلا شەھرى | 10 |
| بۇ جەدۋەلنى مۆھتەرەم ھاجى ئىشلىگەن | | سانجى شەھرى | 5 |
| | | شىخەنزە شەھرى | 3 |